# جۇڭگو باللار قامۇسى

# 中国儿童百科全书

## ئوقۇش يېشىدىكى باللارغا

## 上学就看

### يەرشارى كەنتى

### 地球村





مىللەتلەر نەشرىياتى

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

دۆلەتلىك 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى
مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر كىتابلىرىنى نەشر قىلىش
مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## جۇڭگو باللار قامۇسى

# ئوقۇش يېشىدىكى باللارغا

## يەرشارى كەنتى

مىللەتلەر نەشرىياتى
جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

地球村：维吾尔文/《中国儿童百科全书. 上学就看》编委会编；曼苏尔·沙比提译. —北京：民族出版社，2008.8
（中国儿童百科全书. 上学就看）
ISBN 978-7-105-09561-2

Ⅰ. 太… Ⅱ. ①中…②阿… Ⅲ. 宇宙学—儿童读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. X21-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第131991号

本书根据中国大百科全书出版社2006年3月第1版2007年10月第6次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 6 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：曼苏尔·沙比提
责任编辑：热沙来提
责任校对：热沙来提
电脑制作：伊萨克江·伊布拉英

تەرجىمە قىلغۇچى: مەنسۇر سابىت
مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا
مەسئۇل كوررېكتور: رىسالەت ئابلا
بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم

جۇڭگو بالىلار قامۇسى

# ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا

## يەرشارى كەنتى



民族出版社出版发行
http://www.mzcbs.com
（北京市东城区和平里北街14号
电话：64290862　邮编：100013
北京盛通印刷股份有限公司印刷
各地新华书店经销
开本：889毫米×1194毫米　1/16
印张：7.5
2008年9月第1版　2008年9月第1次印刷
印数：0001—3000册
ISBN 978-7-105-09561-2/Z.1400（维68）
定价：18.00元

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010ـ64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى: 2008 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 16 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 7.5　سانى: 3000 — 0001
باھاسى: 18.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

**总策划**　徐惟诚

**编辑委员会**

**名誉主任**　徐惟诚

**主　　任**　吴希曾

**副 主 任**　贺晓兴　程力华

**执行主编**　赵秀琴

**编　委**
(以姓氏笔画为序)

马博华　刘道远　李　元　位梦华　吴希曾
余传生　陈学锋　张小影　林之光　郑　平
郑延慧　赵秀琴　保冬妮　贺晓兴　夏　青
钱王驷　浦漫汀　崔金泰　寇晓伟　程力华
谭　征

**顾　问**

浦漫汀　李　元　徐晓钟　王祖望

## 作　　者

### 文字撰稿

（以姓氏笔画为序）

马光复　马　睿　卢小平　朱绍和　孙衍慧　李光夏
余传生　宋　时　陈东明　张如亮　林晓燕　庞　云
荣瑞芬　贺晓兴　夏　青　钱王驷　徐　冲　高建强
唐　骅　温学诗　薄　芯

### 图片提供

（以姓氏笔画为序）

丁长青　王　丽　王雅倩　王瑞林　卞小勤　田　方
白　宇　冯幼平　孙江漪　朱菱艳　刘玉秀　刘亚茹
刘　峥　关庆维　许　阳　杜　婕　李光夏　李建新
李锦河　李　燕　杨宝忠　吴小枚　吴秀山　位梦华
余传生　陈东明　张文绪　张文瑞　张丽霞　张连城
张渝秦　张　强　郑　迅　赵秀琴　赵彤杰　赵建伟
洪　珊　贺晓兴　苑　立　袁学军　徐远志　高建强
唐　骅　龚　莉　常剑波　蒋和平　程力华　温学诗

### 电脑制作

曹映红　张　强　蒋和平　杨宝忠　席恒青　高建强
杨　晨

### 绘　　图

杨宝忠　张　强　蒋和平　高建强　席恒青　陈　倩
曹映红　陈　璐　熊雅竹

### 卡通形象设计

张强

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ قىزىق، بەلەن بۇ كىتاب،
كۆرۈپ - كۆرۈپ پەقەت قانمايسىز،
سىز كۆرمىگەن دۇنيا جاھاننى
بۇ كىتابتىن ئىزدەپ تاپقايسىز.

رەھمەت ئېيتىڭ ئاتا - ئانىغا،
كىتاب يازغان ئۇستازلارغا ھەم.
بىزگە ئەقىل قالدۇرۇپ كەتكەن،
شۇ تۆھپىكار ئەجدادلارغا ھەم.

چىڭسۇن شۇ يولدا ۋەدىڭىز،
نۇر چاقناتسۇن ئىجاد، ئەتىڭىز.

**يۇ شىنيەن**



# بۇ سىلەر كۆرىدىغان كىتاب

كىچىك دوستلار، بۇ بىر يۈرۈش بالىلار قامۇسى مەخسۇس سىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ۋە نەزەر دائىرەڭلەرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن. بۇ قامۇس جەمئىي سەككىز كىتاب بولۇپ، ئۇ سىلەرنى سەككىز ئورۇنغا باشلاپ بېرىپ، ئويۇن ئوينىغاچ بىلىم ئېگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ سەككىز ئورۇن: «جۇڭگو باغچىسى»، «دۇنيا باغچىسى»، «يەر شارى كەنتى»، «ئالەم سارىيى»، «ھايۋانات باغچىسى»، «ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى»، «ئىلىم-پەن سارىيى» ۋە «مەدەنىيەت-تەنتەربىيە سارىيى» دىن ئىبارەت.

## بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك تېمىلار

كىچىك دوستلارنىڭ ئويۇن ئارقىلىق بىلىم ئېلىشى ۋە سىستېمىلىق ئۆگىنىشى ئۈچۈن بىلىم تۈرلىرىدىن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك تېمىلارنى تاللاپ چىقتۇق. ئومۇمەن ئالغاندا، يېڭى ئېچىلغان ھەربىر بەتتىكى ماۋزۇ بىر تېما ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر بەتتە بىر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا چۈشەنچىلەر بېرىلىدۇ. «يەرشارى كەنتى»دە 52 تېما بار.



**يەر شارىنى قوغداش**

ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارى بار. يەر شارىدىكى ھەرخىل جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىز چوڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەزاسى. تەبىئەتنى سۆيۈش، مۇھىتنى قوغداش ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى. مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىدۇر. ئۆۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇلارنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.



**ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى**

ياۋايى ھايۋانلارنى يوقىلىپ كېتىشتىن ۋە بولۇپمۇ قىممەتلىك ۋە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن دۆلەتلەر ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى تۈزۈپ چىقتى. مەملىكىتىمىز 1988-يىلى «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش قائىدىلىك جەھەتلەردىكى پرىنسىپنى بېكىتىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قانۇنى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈشى ۋە مۇھىتنى بۇزۇشى تۈپەيلىدىن تىبەت ئۆچكىسىنىڭ تۈرى ۋە سانىنى تۈرلۈك... ئازايتىپ، ئۇنى يوقىلىش گىردابىغا ئېلىپ بېرىپ قويدى.

**تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونلار**

تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش بولۇپمۇ قىممەتلىك، ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقىنى قوغداش، ئوخشىمىغان تەبىئىي بەلۋاغلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى قوغداش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بەلگىلىك دائىرىنى ئايرىپ چىقىپ، مەخسۇس قوغداشنى بېكىتتى. بۇنداق رايونلار تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونلار دېيىلىدۇ.



چوڭ مۈشۈكئېيىقنىڭ يۇرتى — ۋولۇڭ تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايونى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ مىنجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ۋېنچۇەن ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوڭ مۈشۈكئېيىق ۋە كۆك يۇرلۇك مايمۇن قاتارلىقلار قوغدىلىدۇ.




سوئالنىڭ جاۋابى



## بىلىم تۈرلىرى

كىچىك دوستلارنىڭ بىلىۋېلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى يىغىنچاقلاپ تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتۇق. «يەرشارى كەنتى»دە جۇغراپىيىلىك گېئومورفولوگىيە؛ تەبىئەت ھادىسىلىرى؛ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش؛ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش؛ مۇھىتنى قوغداشتىن ئىبارەت ئالتە بىلىم تۈرى بار.

www.uyghurkitap.com



## سوئال-جاۋاب

بەزىلىرىدە سوئال سورىلىدۇ، بەزىلىرىدە جاۋابلار ئىچىدىن توغرىسىنى تاللاش تەلەپ قىلىنىدۇ. توغرا جاۋاب بولسا تەرەپتىكى گىرۋەكتە.

مياۋ مياۋ سىزگە ھەممە يەرنى كۆرستىدۇ!

جۇڭگو مۇھىت قوغداش ئورنىكى
جۇڭگو مۇھىت قوغدىشىنىڭ بەلگىسىدۇر





ئىزدەڭچىكى «BHZ» دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟

كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىپ، يۇرتىمىزنى كۆكەرتىش ھەربىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى.

### كۆچەت تىكىش بايرىمى

ئورمان — ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تەرەققىياتى قوياشتىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنداقلا ئورمان ۋە دەل-دەرەختىن ئايرىلالمايدۇ. ئورغۇنلىغان دۆلەتلەر قانۇن ئورغۇزۇش شەكلىدە كۆچەت تىكىش بايرىمىنى بېكىتىپ كىشىلەرگە بەر شارىنى يېشىللىققا پۈركەش ئۈچۈن بىر تۈپ كۆچەت تىكىشكە چاقىرىق قىلدى. 3-ئاينىڭ 12-كۈنى مەملىكىتىمىزنىڭ «كۆچەت تىكىش بايرىمى»، بۇ كۈندە بىر تۈپ كۆچەت تىكىشنى ئۇنتۇماڭ



بالىلار سىزىمىسى — مۇھىتنى قوغداش، يېشىللاشتۇرۇش ئاساسەتى

ھەر يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، مۇھىتنى قوغداش ۋە ئىنسانلار مۇھىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

### دۇنيا مۇھىت كۈنى

1972-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ستوكھولمدا ئىنسانلار مۇھىت يىغىنى چاقىرىپ، «ئىنسانلار مۇھىت خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 27-قېتىملىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قورۇلتىيىدا، 6-ئاينىڭ 5-كۈنى «دۇنيا مۇھىت كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى مۇھىتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىتقا بولغان زىيىنىغا دىققەت قىلىشقا ئەسكەرتتى.

105

## رەسىملەر

ھەربىر بەتكە بەشتىن 20 گىچە رەسىم بېرىلدى، ئۇلاردىن بىر-ئىككى پارچىسى ئاساسلىق. قالغانلىرى قوشۇمچە رەسىملەر. بۇلار كىچىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىمنى بىۋاستە ۋە ئوبرازلىق ئۆگىنىشىگە ھەم چۈشىنىشىگە پايدىلىق.

رەسىملەرنىڭ ئىزاھاتلىرىدا رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى چۈشەندۈرۈلدى.

## بىلىم نۇقتىلىرى

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ھەربىر تېمىدا ئۈچتىن سەككىزگىچە بىلىم نۇقتىلىرى بار. ھەربىر بىلىم نۇقتىسىدا بىر كىچىك بىلىم تونۇشتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنى بىرىكتۈرسىڭىز خېلى كۆپ بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالىسىز. «يەر شارى كەنتى» دە بۇنداق بىلىم نۇقتىلىرىدىن 210 ى بار.

# يەرشارى كەنتى

## مۇندەرىجە

**يەرشارى كەنتى 1**
**جۇغراپىيىلىك گېئومورفولوگىيە**
**يەر شارىنىڭ ئىچى 2**
يەر پوستى 2
يەر ئوتتۇرا قەۋىتى 2
يەر يادروسى 2
تارتىش كۈچى 3
**يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزى 4**
كىلىمات بەلۋاغلىرى 4
مېرىدىئان سىزىقى ۋە پاراللېل 4
يەتتە چوڭ قىتئە 5
تۆت چوڭ ئوكيان 5
**قۇرۇقلۇق 6**
تۈزلەڭلىك 6
ئارال 6
تاغلىق 7
قۇملۇق 7
ئويمانلىق 7
**دېڭىز ـ ئوكيان 8**
ئاتموسفېرادىكى سۇنىڭ ئايلىنىشى 8
دېڭىز ئاستى يەر تۈزۈلۈشى 8
دېڭىز ئوكيانلار ئېقىمى ۋە تېمپېراتۇرىنى تەڭشەيدۇ 9
دېڭىز سۈيىنىڭ تەمى 9
ئوكيان ۋە دېڭىز 9
**دەريا ۋە كۆل 10**
دەريا 11
كۆل 11
سۇ ۋە مەدەنىيەت 11
**ئىككى قۇتۇپ ۋە مۇزلۇق 12**
مۇزلۇق 12
شىمالىي مۇز ئوكيان 12
ئانتاركتىكا 13
سۇ مەنبەسى 13
**يانار تاغ 14**
يانار تاغنىڭ پارتلىشى 14
يانار تاغنىڭ تۈرلىرى 14
يانار تاغ ئېغىزى كۆلى 15
يانار تاغنىڭ ئەتراپىدا 15
**يەر تەۋرەش 16**
ئەڭ دەسلەپكى يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش ئەسۋابى (سېيسموگراف) 16
يەر تەۋرەشتىن ئامان قېلىش 16
يەر تەۋرەش دەرىجىسى 17
يەر تەۋرەشنى ئالدىن مۆلچەرلەش 17

**تەبىئەت هادىسىلىرى**
**يەر شارى ئاتموسفېراسى 18**
ئاتموسفېرا قاتلىمى 18
هاياتلىق هاۋادىن ئايرىلالمايدۇ 18
ئوزون قاتلىمى 19
هەرخىل هاۋارايى هادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ 19
**كۆك ئاسمان ۋە ئاپئاق بۇلۇت 20**
كۆك ئاسمان 20
يامغۇرلۇق توپ بۇلۇت 20



**ئاجايىپ-غارايىپ شامال 34**
قۇم بورانلىق شامال 34
موسسۇن شامىلى 34
قارا قۇيۇن 35
تەيفېڭ بورىنى 35
**تۆت پەسىل كىلىماتى 36**
باھاردا ھەممە مەۋجۇداتلار ئويغىنىدۇ 36
پىژ-پىژ ئىسسىق ياز 36
قەھرىتان سوغۇق 37
سالقىن كۈز 37
**24 مەۋسۇم 38**
ئەتىياز پەسلىدىكى مەۋسۇم 38
ياز پەسلىدىكى مەۋسۇم 38
قىش پەسلىدىكى مەۋسۇم 39
كۈز پەسلىدىكى مەۋسۇم 39
**ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات 40**
ھاۋارايىنى كۈزىتىش 40
ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەلگىلىرى 40
ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات ماقال-تەمسىللىرى 41
ھاۋارايىدىن ئالدىن خەۋەر-لەندۈرۈش سىگنالى 41

**قار ۋە مۆلدۈر 28**
قار كۆچۈش 28
قار دانىچىلىرى (گۈللىرى) 28
مۆلدۈرنىڭ شەكىللىنىشى 29
مۆلدۈر ئاپەت پەيدا قىلىدۇ 29
**قىرو ۋە شەبنەم 30**
شەبنەم 30
ئۆسۈملۈكلەر شەبنەمنى ياخشى كۆرىدۇ 30
قىرو 31
ياخشى ھاۋارايىدىن ئالدىن بەلگە بېرىش (مەلۇمات بېرىش) 31
ئەينەك دېرىزىگە تۇتقان قىرو 31
دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى قىرودىن قورقىدۇ 31
**شامال 32**
شامالنىڭ تۆھپىسى 32
شامال سۈرئىتى 32
شامالنىڭ ھەيۋىسى 33
شامال يۆنىلىشى 33

بۇلۇتقا قاراپ ھاۋارايىنى بىلىش 21
ئاق بۇلۇت 21
**تۇمان ۋە قىروۋ 22**
تۇمانلىق شەھەر 22
تۇماندىن سۇ ئېلىش 22
تۇماننىڭ شەكىللىنىشى 23
قىروۋ 23
**يامغۇر ۋە ھەسەن-ھۈسەن 24**
بۇلۇت بولسا ئاندىن يامغۇر ياغىدۇ 24
چىرايلىق ھەسەن-ھۈسەن 25
سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش 25
**گۆلدۈرماما ۋە چاقماق 26**
چاقماقنىڭ شەكلى 26
گۆلدۈرماما بىلەن چاقماقنىڭ كۈچى (ھەيۋىسى) 26
بۇلۇت چاقمىقى ۋە يەر چاقمىقى 27
چاقماق قايتۇرغۇچ 27
گۆلدۈرماما بىلەن چاقماق بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ 27




www.uyghurkitap.com

ئېپتىدائىي ئادەملەرنىڭ
ئۆيى 58
بىنا سېلىش 59
شەھەردىكى كۆپ قەۋەتلىك
ئاھالە ئولتۇراق ئۆيلىرى 59

**مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى**
**ئولتۇراق ئۆيلىرى 60**

كىگىز ئۆي 60
چاسا ھويلا 60
ئاسما ئۆي 61

**ئۆزگىچە تۇرالغۇ 62**

ئايلانما بىنا 62
قار ئۆي سېلىش 62
تاتامى 63
سۇ ئۈستى ئۆيى 63

**ئۆينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى 64**

يورۇقلۇق 64
زىننەتلەش ۋە سەرەمجان-
لاشتۇرۇش 64
ئۆي جاھازلىرى 65
كارىۋات 65

ئاشپەزلىك 50
قازان - قومۇچ 51

**مەززىلىك تائاملار دۇنياسى 52**

گېرمانىيىنىڭ سۇرلەنگەن كالا
گۆشى 52
خام بېلىق ياپراقچىسى ۋە
شۇسى 52
ئىتالىيەنىڭ پىسا قاتلىمىسى 53
بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپى 53
برازىلىيىنىڭ گۆش كاۋىپى 53

**تېز تاماقلار 54**

تېز تاماقلار 54
تەييار چۆپ 54
يېمەكلىك خۇرۇچلىرى 54
تېز تاماق 55

**ئوزۇقلۇق ۋە ساغلاملىق 56**

ماي 56
ئاقسىل 56
ۋىتامىن 56
كاربون-سۇ بىرىكمىلىرى 56
يېمەك ئىچمەك ئېھرامى 57

**ئۆي سېلىش 58**

ئۆي سالىدىغان ماتېرىياللار 58

**تەبىئىي ئاپەتلەر 42**

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى 42
دېڭىز تاشقىنى 43
كەلكۈن 43

**كىيىم-كېچەك، يېمەك-**
**ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش**
**كىيىم تىكىش 44**

ئېپتىدائىي كىيىم-كېچەك 44
يىپ ئېگىرىش ۋە رەخت
توقۇش 44
بوياش ۋە گۈل بېسىش 44
كىيىم تىكىش 45

**كىيىم-كېچەك كۆرگەزمىسى 46**

كاستۇم-بۇرۇلكا 46
ئۇزۇن كۆڭلەك 47
پادىچىلار كىيىمى 47
جۇڭگونىڭ ئايالچە ئۇزۇن
كۆڭلىكى 47

**ئاياغ، باش كىيىم ۋە زىبۇ**
**زىننەت 48**

باش كىيىم 48
پايپاق 49
تۇگمە ۋە سىيرىتما 49
ئاياغ 49

**تاماق ئېتىش 50**

كاۋاپ 50




**ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش**
**بالىلىق دەۋر 82**
1-ئىيون خەلقئارا بالىلار
بايرىمى 82
ئويۇن 82
ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش 83
ئۆز-ئۆزىنى قوغداش 83
بالىلىق دەۋردىكى ئارمان 83
**بالىلارنىڭ ھوقۇقى 84**
تەرەققىيات ھوقۇقى 84
قاتنىشىش ھوقۇقى 84
قوغدىنىش ھوقۇقى 84
«بالىلار ھوقۇقى ئەھدە-
نامىسى» 85
ياشاش ھوقۇقى 85
**ئائىلە 86**
ۋارىس ئائىلە 87
ئۆي ئىشلىرى 87
كىرىم ۋە چىقىم 87
بويتاق ئائىلە 87

**ئىجتىمائىي تۇرمۇش**
**پۇل 74**
قەدىمكى دەۋردىكى پۇل 74
خەلق پۇلى 74
ئېلېكتىرونلۇق پۇل 75
چەت ئەل پۇلى 75
**بانكا 76**
قەرز پۇل 76
پۇل ئامانەت قويۇش 76
ھەرخىل خىراجەتلەرنى ۋاكا-
لىتەن يىغىش 77
**مال سېتىۋېلىش 78**
پۇل تۆلەش 78
تاللا بازىرىدىن مال سېتىۋې-
لىش 78
تاۋارنى تاللاپ سېتىۋېلىش 79
**دوختۇرخانا 80**
دوختۇرغا كۆرۈنۈش 80
جىددىي قۇتقۇزۇش 80
ئوپېراتسىيە 80
جاپاكەش سېستىرالار 81
دوختۇرخانىدا 81

**سۇ ئۈستى قاتنىشى 66**
يەلكەنلىك كېمە 66
ئەڭ دەسلەپكى كېمە 66
سۇ ئۈستى ئايروپىلانى 67
يەل كېمە 67
چوڭ تېپىشكى ھەشەمەتلىك
يولۇچىلار پاراخوتى 67
**قۇرۇقلۇق سەپىرى 68**
پاراۋوز 68
ئاپتوموبىل 68
ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز 69
**بوشلۇقتا ئۇچۇش 70**
گاز شارى ۋە ھاۋا كېمىسى
(دىرىژابىل) 70
ئايروپىلان دۇنياغا كەلدى 70
ئايروپىلان ئىنسانىيەتكە بەخت
ياراتتى 71
تىك ئۇچار ئايروپىلان 71
**شەھەر قاتنىشى 72**
ستېرېئولۇق كۆۋرۈك 72
قاتناش سىگنالى 72
قاتناش قائىدىسىگە رىئايە
قىلىش 72
ئاممىۋى قاتناش قورالى 73




www.uyghurkitap.com

**مەكتەپ 88**

مول مەزمۇنلۇق دەرسلەر 88

ئوقۇتقۇچى 88

مەكتەپتە 88

پىئونېرلار ئەترىتى 89

**مۇھىتنى قوغداش**

**مۇھىت 90**

تەبىئىي مۇھىت 91

مۇھىت ۋە ھاياتلىق 91

ئىجتىمائىي مۇھىت 91

**ئېكولوگىيىلىك سىستېما 92**

ئوزۇقلۇق زەنجىرى 92

ئوزۇقلۇق تورى 92

ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق 93

جانلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشى 93

**مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى 94**

مۇھىتنىڭ ئۆزىنى تازىلىشى 94

سۇنىڭ بۇلغىنىشى 94

شاۋقۇندىن بۇلغىنىش 95

ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى 95

ئەخلەت «پارتلىدى» 95

**سۇ بايلىقىنى قوغداش 96**

بۇلغانغان سۇنىڭ زىيىنى 96

پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش 97

سۇ كرىزىسى 97

سۇدىن كۆپ خىل پايدىلىنىش 97

**ھاۋانى تازىلاش 98**

ئىسسىپ كېتىۋاتقان يەر شارى 98

كېرەكسىز گاز كىسلاتالىق يامغۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ 98

ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش 99

ھاۋانىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەش 99

**ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش 100**

ئەخلەتنى تۈرلەرگە ئايرىش 100

ئەخلەتلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىشى 101

يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش 101

**شاۋقۇندىن بۇلغىنىشنى كونترول قىلىش 102**

شاۋقۇننىڭ زىيىنى 102

شاۋقۇننىڭ كېلىش مەنبەسى 103

شاۋقۇننى كونترول قىلىش 103

**يەر شارىنى قوغداش 104**

ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى 104

تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار 104

كۆچەت تىكىش بايرىمى 105

دۇنيا مۇھىت كۈنى 105




# يەرشارى كەنتى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يەر شارىنىڭ ئىچى

يەر شارى ئىچى ئۆيۇل بولغان، ئېللىپس شەكىللىك غايەت زور شارسىمان جىسىم، يەر شارى ئۈستىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلار قوشۇلۇپ يەر يۈزى دەپ ئاتىلىدۇ، يەر يۈزىدىن يەر مەركىزىگە قاراپ يەر پوستى، ئوتتۇرا قەۋەت، يەر يادروسى دەپ ئايرىلىدۇ.




### يەر پوستى

يەر پوستى يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تاغ جىنسلىرىدىن تۈزۈلگەن قاتتىق پوستلۇق قەۋەت بولۇپ، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ، غايەت زور چوڭلۇقتىكى يەرشارىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر قەۋەت نېپىز تۇخۇم شاكىلىغا ئوخشايدۇ.




يەر شارىنىڭ ماگنىت تاياقچىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ماگنىت مەيدانى بولىدۇ، دەل مۇشۇ يەر شارى ماگنىت قۇتۇپىنىڭ تەسىرىدە كومپاس يۆنىلىشنى كۆرسىتەلەيدۇ.

### يەر ئوتتۇرا قەۋىتى

يەرپوستى بىلەن يەريادروسىنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق بۆلەك يەر ئوتتۇرا قەۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ، قېلىنلىقى يەر پوستىدىن ئاستىغا قاراپ 2900 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ، ئارىلىق قەۋەتنىڭ ئۈستۈنكى يېرىم بۆلىكىنىڭ كۆپ قىسمى تاغ جىنسلىرىدىن تۈزۈلگەن، ئاستىنقى يېرىم بۆلىكىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 1200℃ قا يېتىدۇ. شۇڭا بۇ بۆلەكتىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېرىپ ماگما ھالەتكە كېلىپ قالغان.

يەر ئاستىدىكى ماگمىلار ئىنتايىن تىنچسىز بولۇپ، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت توختىماستىن ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزىگە ئېنېرگىيە توپلاپ، يەر تەۋرەش، يانار تاغ قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### يەر يادروسى

يەر يادروسى يەر شارىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولۇپ، ئىچكى يادرو ۋە تاشقى يادرو دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئىچكى يادروسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 4000℃ ~ 4500℃ قا يېتىدۇ، تاشقى يادروسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 3700℃ ئەتراپىدا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com




يەر شارى تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە دەرەختىكى ئالمىلار پىشقاندىن كېيىن يەرگە چۈشىدۇ.

يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بولغانلىقتىن بىنالار ئۆچۈپ كەتمەيدۇ.



## تارتىش كۈچى

ئالما پىشقاندا يەرگە چۈشىدۇ، ئاسمانغا ئېتىلغان تاشمۇ يەرگە قايتىپ چۈشىدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. ئادەملەر، ھايۋانلار ۋە باشقا شەيئىلەرنىڭ ئېغىرلىققا ئىگە بولۇشى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولغاچقا، يەرشارى توختىماستىن ئايلانغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى ساقلاپ يەرشارىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتمەيدۇ.

### قانداق قىلغاندا يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟

ئالىملار يەر تەۋرەش دولقۇنى، ئېلېكتر-ماگنىت دولقۇنى، يانار تاغنىڭ پارتلىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەلۇماتلارنى ۋاستىلىك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى. يەر شارىدىن بىر تۆشۈك تېشىپ ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا زادى نېمىنىڭ بارلىقىنى «ئۆز كۆزىمىز» بىلەن كۆرەلمىدۇق. قورۇقلۇقنى ئىلمىي بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئىنسانلارنىڭ يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە سۈرەتلەرگە ئېرىشىشىنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلىدۇر. ھازىر بىزنىڭ يەر شارىدىن تەشكەن تۆشىكىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى 12 مىڭ مېتىرغا يەتتى.



# يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزى



قۇملۇق

يەر شارى سىرتقى يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى قاپلاپ تۇرىدىغان دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تۆت چوڭ ئوكيانغا، دېڭىز ئوكيانلار ئوراپ تۇرىدىغان قۇرۇقلۇقلارنى يەتتە چوڭ قىتئەگە ئايرىيمىز. ئىنسانلار بىلەن نۇرغۇنلىغان هايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەر يەر شارى سىرتقى يۈزىدە بىرلىكتە هايات كەچۈرىدۇ.

چىڭخە ي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى جومۇلاڭما چوققىسى



## كلىمات بەلۋاغلىرى

قۇياشنىڭ يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىنى يورۇتۇش بۇلۇڭى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشىمىغان كەڭلىكلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى، هاۋا بېسىمى، شامال كۈچى، هۆل يېغىنى ۋە تەبىئىي لاندىشافتى قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. ئالىملار يەر شارىنى تروپىك بەلۋاغ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سوغۇق بەلۋاغ دەپ بەش ئىقلىم بەلۋىغىغا ئايرىغان.

سوغۇق بەلۋاغ رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا ئىنتايىن تۆۋەن، قار ـ مۇزلار يىل بويى ئېرىمەيدۇ.

ئافرىقا بولسا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق، ئېكۋاتور بۇ «تروپىك بەلۋاغ ماتېرىكى»نىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ جايدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سەهرايى كەبىر چۆلى بار.



مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىنىڭ ئىقلىمى مۆرەككەپ هەم ئۆزگىرىشچان



تروپىك بەلۋاغ رايونلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تۆت پەسىلنىڭ هەممىسىدە يايپېشىل تۇرىدۇ.







پاراللېل ـ مېرىدىئان سىزىقلىرىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ يەر شارىدىكى هەرقانداق بىر شەهەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بېكىتكىلى بولىدۇ.

## مېرىدىئان سىزىقى ۋە پاراللېل

گلوبۇس ۋە خەرىتىدە جەنۇب ـ شىمال ئىككى قۇتۇپنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىق مېرىدىئان سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېكۋاتور بىلەن پاراللېل بولغان، مېرىدىئان بىلەن تىك كېسىشكەن سىزىق پاراللېل دەپ ئاتىلىدۇ.

گلوبۇس يەر شارىنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى جۇغراپىيىلىك ئەهۋاللارنى ئىپادىلەيدۇ.





پاراللېل ـ مېرىدىئان سىزىقلىرى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلار پەقەت يەر شارىدىكى مەلۇم بىر ئورۇننى بېكىتىش ئۈچۈن تاللاپ ئېلىنغان.



## يەتتە چوڭ قىتئە

يەتتە چوڭ قىتئە ــ ئاسىيا قىتئەسى، ياۋروپا قىتئەسى، ئافرىقا قىتئەسى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى، ئوكيانىيە قىتئەسى، ئانتاركتىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسىيا قىتئەسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ قىتئە، ئۇنىڭ كۆلىمى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ. ئانتاركتىكانىڭ يەر تۈزۈلۈشى ھەممىدىن ئېگىز. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ بولسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككى قۇتۇپنىڭ ئەتراپى سوغۇق بەلۋاغ بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يىراق، تېمپېراتۇرىسى ئەڭ تۆۋەن، شۇڭا يىل بويى قىش بولىدۇ.

[illegible] جۇغراپىيىلىك
[illegible] ئۇزۇنلۇق 116
[illegible] كەڭلىك 40
[illegible] كېلىدۇ.







## تۆت چوڭ ئوكيان

يەر شارىدىكى دېڭىز-ئوكيانلارنى تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، ھىندى ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيان دەپ تۆت چوڭ ئوكيانغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تىنچ ئوكياننىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.



## قۇرۇقلۇق

يەر شارى سىرتقى يۈزىنىڭ دېڭىز سۈيى بىلەن بېسىلمىغان قىسمى قۇرۇقلۇق دېيىلىدۇ. تۈزلەڭلىك، تاغلىق، ئېگىزلىك، ئېدىرلىق، ئويمانلىق قاتارلىقلار قۇرۇقلۇقتا ئۆزئارا تۇتىشىپ جايلىشىپ، قۇرۇقلۇق يۈزىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى تەكشى بولمىغان يەر تۈزۈلۈشىنى ھاسىل قىلغان.

### تۈزلەڭلىك

قۇرۇقلۇقتىكى كەڭ كەتكەن تەكشى، پەس جايلار تۈزلەڭلىك دېيىلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە دېڭىز ساھىلى رايونىغا جايلاشقان. تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، نوپۇسى زىچ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ياشاش ماكانى بولۇپ كەلگەن.



تۈزلەڭلىكتە قاتناش تەرەققىي قىلغان، تېز سۈرئەتلىك تاشيوللار گىرەلىشىپ كەتكەن.

### ئارال

ئارال ــــ دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان، تۆت ئەتراپى سۇ بىلەن ئورىلىپ تۇرغان قۇرۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئاراللار قۇرۇقلۇقتىن بۆلۈنۈپ چىققان، مەسىلەن: دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ ئارال گرېنلاندىيە ئارىلى؛ بەزى ئاراللار دېڭىز ئاستىدىكى يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىدىن چىققان ماگمىلارنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن شەكىللەنگەن، مەسىلەن: ھاۋاي ئارىلى

تاغلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچىگەندە دېڭىز يۈزى تەكشىلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.




يۇتكۇل يەر شارىدا دېڭىز يۈزىنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئانچە روشەن ئەمەس. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى قانچىلىك ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتە دېڭىز يۈزى تەكشىلىكىدىن قانچە مېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.




**قۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئارالغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟**

ئەگەر يەر شارىنىڭ ئىقلىمى يەنە ئىللىۋەرسە، قۇتۇپ رايونىدىكى مۇزلۇقلار ئېرىپ، دېڭىز يۈزىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىر دېڭىزغا يېقىن قۇرۇقلۇقلاردىكى بىر قىسىم كىچىك چوققا، ئېگىزلىكلەر كەلگۈسىدە دېڭىزدىكى ئارالغا ئايلىنىش مۇمكىن.

دەريا يوق رايونلاردا قۇدۇق قېزىش ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيى تارتىپ چىقىرىلىدۇ.

## تاغلىق

تاغلىق — ئېگىزلىك، ئېگىز تاغ، يانار تاغ ۋە ئېدىرلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىردىن ئېگىز بولىدۇ. تاغلىقنىڭ ئىقلىمى ۋە تەبىئىي مۇھىتى تۈزلەڭلىك، ئويمانلىقنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تاغلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەيدۇ، ھاۋاسى شالاڭلىشىپ بارىدۇ.

## قۇملۇق

قۇملۇقلارنىڭ كۆپ قىسمى ھۆل-يېغىنى ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، ئىقلىمى ئىسسىق، دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق بولغان رايونلارغا تارقالغان. مەسىلەن: سەھرايى كەبىر چۆلى، ئەرەب قۇملۇقى. بەزى ۋاقىتلاردا، ئىنسانلار پائالىيىتىمۇ قۇملۇقنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئورمان، ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تۇپراق قاتلىمىنى بوشاشتۇرۇپ، شامال كۈچىنىڭ تەسىرىدە قۇملۇقلارنىڭ كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋېتىدۇ.




## ئويمانلىق

قۇرۇقلۇقتىكى تۆت ئەتراپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس جايلار ئويمانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئويمانلىق ئادەتتە ئېگىزلىك، تاغلىقلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. يەر تۈزۈلۈشى بىر قەدەر تەكشى. ئويمانلىق ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق «بايلىق ماكانى» بولۇپ، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتقان.



جۇڭگودىكى تۆت چوڭ ئويمانلىق — تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، چايدام ئويمانلىقى، سىچۈەن ئويمانلىقى.



سىچۈەن ئويمانلىقى

## دېڭىز ـ ئوكيان

يەر شارى يۈزىدىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ كۆلىمى قۇرۇقلۇق كۆلىمىدىن خېلىلا چوڭ، دېڭىز ـ ئوكيانلار ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭدا يۈسۈن تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر، بېلىق تۈرىدىكىلەر، دېڭىز ھايۋانلىرى ياشاپ كەلمەكتە، مول كان بايلىقى ۋە ئېنېرگىيە يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا.

شامال سۇ پارلىرىنى قۇرۇقلۇققا ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ.

### ئاتموسفېرادىكى سۇنىڭ ئايلىنىشى

دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى سۇيۇق ھالەتتىكى سۇ پارلىنىپ، گاز ھالەتكە ئايلىنىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئاتموسفېراغا چىقىپ كېتىدۇ. مۇۋاپىق شارائىت ئاستىدا ئاتموسفېرادىكى سۇ پارلىرى يامغۇرغا، قارغا ئايلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشىدۇ، يەنە كېلىپ دەريا، كۆللەردىكى سۇغا قوشۇلۇپ دېڭىزغا قايتىدۇ. مۇشۇ يوللار ئارقىلىق سۇنىڭ بىر پۈتۈن ئايلىنىش جەريانى تاماملىنىدۇ.




### دېڭىز ئاستى يەر تۈزۈلۈشى

دېڭىزنىڭ ئاستى چوڭ بىر داسقا ئوخشايدۇ، گىرۋىكى قۇرۇقلۇققا سوزۇلۇپ چىققان، بىر قەدەر تەكشى بولغان قۇرۇقلۇق بوسۇغىسى، تۆۋەنگە قاراپ ئىنتايىن تىك بولغان قۇرۇقلۇق يانباغرى، ئېخىمۇ تۆۋەنكى قىسمى كەڭ كەتكەن دېڭىز( ئوكيان ) ئاستىدىن ئىبارەت.



A تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزى تەكشىلىكىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.



B تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزى تەكشىلىكى بىلەن تەڭ



C تاغ چوققىسى دېڭىز سۈيى تەرىپىدىن يۇتۇپ كېتىلىدۇ.

*تىنچ ئوكيانغا جايلاشقان مارىيانا دېڭىز چۆكمىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 11034 مېتىر كېلىدۇ. ئەگەر دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققىنى پاتۇرۇپ كىرگۈزسەك نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ تاللاپ كۆرۈڭ.*




جاۋاب: C

## دېڭىز ـ ئوكيانلار ئىقلىم ۋە تېمپېراتۇرىنى تەڭشەيدۇ

يەر شارىغا يېتىپ كەلگەن قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېڭىز ـ ئوكيانلار سۈمۈرۈۋالىدۇ ھەم ساقلاپ تۇرىدۇ. دېڭىز ـ ئوكيانلار خۇددى «ھاۋا تەڭشىگۈچ»كە ئوخشاش، دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش ـ تۆۋەنلىتىش ۋە دېڭىز سۈيىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق يەر شارىنىڭ ئىقلىمى ۋە تېمپېراتۇرىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

## دېڭىز سۈيىنىڭ تەمى

دېڭىز سۈيىدە نۇرغۇن ماددىلار ئېرىگەچكە، دېڭىز سۈيى تۇزلۇق تېتىيدۇ. ئالىملار تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاشتۇرۇشنى تەتقىق قىلماقتا. ئەگەر شۇنداقلا بولسا، بىز قىممەتلىك تاتلىق سۇ بايلىقىغا ئېرىشىپلا قالماستىن يەنە مۇھىم خام ئەشيا ــ تۇزغا ئېرىشەلەيمىز، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش ـ ھە!




پىژغىرىم ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە، كىشىلەر دېڭىز بويىغا بېرىپ سالقىنلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى دېڭىز بويىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىرقەدەر تۆۋەن.




## ئوكيان ۋە دېڭىز

دېڭىز ـ ئوكياننىڭ مەركىزىي قىسمى «ئوكيان»، چەت قىسىملىرى «دېڭىز» دېيىلىدۇ. ئوكيان قۇرۇقلۇقتىن يىراق، چوڭقۇرلۇقى 2000 مېتىردىن ئاشىدۇ. كۆلىمى دېڭىز ـ ئوكيان ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %89نى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز ئوكيان بىلەن قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئوكيان سۈيىنىڭ رەڭگى كۆك، سۈزۈك بولۇپ، ئارىلاشما ماددىلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى، رەڭگى قۇرۇقلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. تۆت پەسىلدىكى ئۆزگىرىش روشەن بولىدۇ.

قۇياش نۇرى دېڭىز سۈيىدىن ئېتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، چوڭقۇرلۇقنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېڭىز ئاستىغا بارغۇچە بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ دېڭىز ئاستى تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ.

دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان بەدىنىدىن نۇر چىقىرىدىغان بېلىق




## دەريا ۋە كۆل

ئايروپىلاندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ زېمىنغا نەزەر تاشلىساق، رەت ـ رەت ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن «قاشتېشى سىزىقلىرى»نى، پارچە ـ پارچە نۇرچېچىپ تۇرغان «سېھىرلىك ئەينەك»لەرنى كۆرەلەيمىز، بۇلار ئىنسانلارنى كەم بولسا بولمايدىغان تاتلىق سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.






دەريا، كۆللەر بىزنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ زىرائەتلەرنى سۇغۇرالايمىز، بېلىق، راكلارنى باقالايمىز، سۇ قاتنىشى ۋە خىلمۇخىل ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارالايمىز.

## دەريا

يامغۇر سۇلىرى، قار-مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرى قوشۇلۇپ، تار كەتكەن ئويمان جايلاردىن پەس جايلارغا قاراپ ئېقىپ دەريانى شەكىللەندۈرىدۇ، دەريانى باشلانغان نۇقتىسىدىن ئاخىرلاشقان نۇقتىسىغا قاراپ يۇقىرى ئېقىن، ئوتتۇرا ئېقىن، تۆۋەن ئېقىن دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىيمىز.




## كۆل

قۇرۇقلۇقتىكى پەس، ئويمان جايلارغا سۇنىڭ يىغىلىشىدىن كۆل شەكىللىنىدۇ. بەزى كۆللەر يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ يەر يۈزىنى ئويمان قىلىپ قويۇشىدىن شەكىللىنىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا شامال كۈچىنىڭ تەسىرىدە ياكى سۇنىڭ يالاش تەسىرىدە شەكىللىنىدۇ.

## سۇ ۋە مەدەنىيەت

ئىنسانلارنىڭ تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ پەيدا بولغان جايلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز، دەريالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئافرىقىدىكى نىل دەرياسى بويلىرى قەدىمدە دەريا سۈيى تېشىپ تۇرىدىغان دەريا تىنما تۈزلەڭلىكى ۋە سازلىق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ، پارلاق قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى ياراتقان. ئاسىيادىكى ھىندى دەريا ۋادىلىرىدا بىر مەھەل پارلىغان قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ھازىرقى ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى ئىفرات، دەجلە دەريا ۋادىلىرى بولسا قەدىمكى بابىلون مەدەنىيىتىنىڭ باشلانغان ۋە راۋاجلانغان ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئىنسانلار تارىخىدا بىردىنبىر ئۈزۈلۈپ قالمىغان مەدەنىيەت جۇڭخۇا مەدەنىيىتى خۇاڭخې دەرياسى ئۆزىنىڭ بۆشۈكى قىلغان. بۇنىڭدىن 800 مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلار خۇاڭخې دەريا ۋادىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.




**مۇزلۇق**

يۇقىرى كەڭلىك ۋە سوغۇق بەلۋاغ رايونلىرىدىكى تاغلىقلاردا قارلار يىل بويى ئېرىمەي دۆۋىلىنىپ ئاخىرىدا قېلىن مۇزلۇقلارغا ئايلىنىدۇ. مۇزلۇقلار دۆۋىلىنىپ مەلۇم قېلىنلىققا يەتكەندە، يانباغرىنى بويلاپ ئاستا- ئاستا تۆۋەنگە سىيرىلىپ غايەت زور مۇزلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## ئىككى قۇتۇپ ۋە مۇزلۇق

مۇزلۇقلار قۇتۇپ سوغۇق بەلۋاغ رايونلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغان پاكىز جاي. جەنۇبىي قۇتۇپ ۋە شىمالىي قۇتۇپتا يىل بويى قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، بۇ جايلاردا نۇرغۇنلىغان مۇزلۇقلار بار. باشقا جايلاردا پەقەت ئېگىز تاغلىق رايونلاردىلا مۇزلۇق شەكىللىنىدۇ.







**شىمالىي مۇز ئوكيان**

شىمالىي مۇز ئوكيان قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللار بىلەن ئورالغان ئوكياندىن ئىبارەت. دېڭىز- ئوكيانلار ياز پەسلىدە ئىسسىقلىقنى ساقلىيالىغاچقا، قىش پەسلىدىكى قاتتىق سوغۇقنى پەسەيتەلەيدۇ. شۇڭا شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى قار- مۇزلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى جەنۇبىي قۇتۇپتىكى قار- مۇزلار ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ئوقى بىلەن يەر شارى يۈزىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى جۇغراپىيىلىك قۇتۇپ دېيىلىدۇ. جەنۇبىي، شىمالىي يېرىم شاردىكى جۇغراپىيىلىك قۇتۇپلار جەنۇبىي قۇتۇپ (نۇقتىسى)، شىمالىي قۇتۇپ (نۇقتىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.




www.uyghurkitap.com

## ئانتاركتىكا

ئانتاركتىكا ئوكيانلار بىلەن ئورىلىپ تۇرغان قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت. جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ 95% يېرى قېلىن مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 2450 مېترغا يېتىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق جەنۇبىي قۇتۇپ مۇزلۇقىدۇر.




ئانتاركتىكىدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قۇرغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتلىرى بار.

قەدىمكى مۇزلۇقلار مۇزلىرى خرۇستالغا ئوخشاش سۈزۈك ھەم پارقىراق بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر شارىنىڭ ئىقلىمى ۋە مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بىر پارچە گۆھەر دەپ قارىلىدۇ.

ئالىملار مۇشۇ مۇز پارچىلىرىنى بىر ئامال قىلىپ ئافرىقا ۋە باشقا قۇرغاق رايونلارغا يۆتكەپ، شۇ جايلارنىڭ سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئىزدەنمەكتە.

### مۇزلۇق قاچان شەكىللەنگەن؟

ئانتاركتىكىدىكى مۇزلۇق 10 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، ھېچقانداق بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغان، سۇ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. بۇ مۇزلۇقلاردىكى مۇزلاردىن دۇنيا بويىچە سۈپىتى ئەڭ ياخشى ئىچىملىك ياسىغىلى بولىدۇ.



### سۇ مەنبەسى

مۇزلۇقلار ئېرىگەندىن كېيىن، ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ چوڭ-چوڭ دەريالارنى شەكىللەندۈرىدۇ. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى تاڭگۇلا تېغىنىڭ گىلادەندۇڭ چوققىسىدىن باشلىنىدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئىنسانلار پايدىلىنىۋاتقان تاتلىق سۇنىڭ 72% ساقلانماقتا.





# يانار تاغ

يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ماگمىلار يەر پوستىدا شىددەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە تاغ جىنس قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، تاغ جىنس قاتلاملىرىنىڭ يېرىقلىرىنى بويلاپ يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىپ، يانار تاغ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.







ياپونىيىدىكى فۇجى تېغى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ يانار تاغ كونۇسى ھېسابلىنىدۇ.



## يانار تاغنىڭ پارتلىشى

يانار تاغنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق يولى تىك يۇقىرىغا قارىتا بولىدۇ. لاۋۇلداپ تۇرغان ماگمىلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1200 ℃ قا يېتىدۇ. بۇ ماگمىلار شۇ يولدىن ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئېتىلىپ چىققان ماگما ۋە تاغ جىنس پارچىلىرى يانار تاغ ئەتراپىغا دۆۋىلىنىپ يانار تاغ كونۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## يانار تاغنىڭ تۈرلىرى

دائىم پارتلاپ تۇرىدىغان يانار تاغ ـــ ھەرىكەتتىكى يانار تاغ دېيىلىدۇ. ۋاقتىنچە پارتلىمايدىغان، لېكىن يەنە پارتلاش ئېھتىماللىقى بولغان يانار تاغ ۋاقتىلىق يانار تاغ دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللىقاچان ھەرىكەتتىن توختىغان، قايتا پارتلىمايدىغان يانار تاغ ئۆچكەن يانار تاغ دېيىلىدۇ. ھازىر دۇنيادا ھەرىكەتتىكى يانار تاغدىن 500ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە 70 يانار تاغ دېڭىز ئاستىغا جايلاشقان.



پارتلاۋاتقان يانار تاغ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يانار تاغ ئېغىزى كۆلى

يامغۇر، قارلار ئۆچكەن يانار تاغ، ۋاقتلىق يانار تاغنىڭ ئاغزىدا توپلىنىپ كۆلنى شەكىللەندۈرىدۇ. يانار تاغ ئېغىزى كۆلنىڭ كۆلىمى كىچىك، سۈيى بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ، ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى بىلەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلالايدۇ. دۇنيادىكى داڭلىق يانار تاغ ئېغىزى كۆللىرىدىن دۆلىتىمىزدىكى چاڭبەيشەندىكى تيەنچى كۆلى، خۇگۇاڭيەن، ياپونىيىدىكى شىمالىي زاۋ تېغى يانار تاغ ئېغىزى كۆلى قاتارلىقلار بار.



ۋۇدالىيەنچى كۆلى يانار تېغى

### قانداق جايلاردا ئارىشاڭ بار؟

يانار تاغ پارتلىغاندىن كېيىن، يەر ئاستىدىكى بىر قىسىم قالدۇق ماگمىلار ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ئاستا-ئاستا يەر قاتلىمىغا ئۆتكۈزۈپ، شۇ جايدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، يانار تاغ ھەرىكىتى بولغان جايلاردا ئارىشاڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن.




يانار تاغ پارتلىغاندا ئېتىلىپ چىققان ماددىلار پۈتكۈل شەھەرنى دېگۈدەك قاپلاپ كۈندۈزنى «كېچە»گە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان ئۇششاق تاغ جىنسلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تېز سۈرئەتتە تاغدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

لاۋىلار ئېقىش جەريانىدا تەدرىجىي سوۋۇپ، قېتىشىپ، قاينام ھالەتتىكى تاغ جىنسلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## يانار تاغنىڭ ئەتراپىدا

يانار تاغنىڭ پارتلىشى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر يانار تاغنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان، چۈنكى ئۇ جاينىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولىدۇ. يانار تاغ كىشىلەرنى يەر ئىسسىقلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يانار تاغ كۆلى بىلەن يانار تاغ تاشلىرىنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

يانار تاغ تېشى

# يەر تەۋرەش

يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاغ جىنسلىرى غايەت زور كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ئۈزۈلۈش، سوزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەر پوستىنىڭ كۈچلۈك تەۋرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مانا بۇ بىز يەر يۈزىدە تۇرۇپ ھېس قىلغان يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت.



ئۈستىدە سەككىز ئەجدىھا بار، ھەر بىر ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا بىردىن مىس شارچە چىشلەكلىك.

ئاستىدا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان سەككىز چارپاقا بار بولۇپ، يەر تەۋرىگەندە ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چۈشكەن مىس شارچىنى تۇتۇۋالىدۇ.

مۇزېيدا ساقلانغان تەقلىد قىلىپ ياسالغان سېيسموگراف

ئاجىز يەر تەۋرەش ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئادەتتە بىز ئۇنى سېزەلمەيمىز، كۈچلۈك يەر تەۋرەش ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، تاغ گۈمۈرۈلۈش، يەر يېرىلىش، دېڭىز تاشقىنى قاتارلىق ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، غايەت زور ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلىدۇ.

يەر تەۋرىگەندە تازىلىق ئۆيى قاتارلىق كىچىكرەك ئۆيلەرگە كىرىۋېلىشقا بولىدۇ.



## ئەڭ دەسلەپكى يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش ئەسۋابى (سېيسموگراف)

ئەڭ دەسلەپكى يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش ئەسۋابىنى جۇڭگونىڭ شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ خېڭ ئىجاد قىلغان بولۇپ، سېيسموگراف دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا مىستىن ياسالغان سەككىز ئەجدىھا، سەككىز چارپاقا بار، قايسى يۆنىلىشتە يەر تەۋرىسە، شۇ يۆنىلىشتىكى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىكى مىس شارچە ئاستىدىكى چارپاقىنىڭ ئاغزىغا چۈشىدۇ.



يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن، بەزى ھايۋانلاردا نورمالسىز ئىپادىلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مەسىلەن: يىلانلار تۆشۈكىدىن چىقىدۇ، چوشقىلار قالايمىقان سەكرەيدۇ، چاشقانلار كۆچىدۇ.

## يەر تەۋرەشتىن ئامان قېلىش

يەر تەۋرەش باشلانغاندىن باشلاپ ئاخىرلاشقىچە بولغان بىر قانچە مىنۇت ياكى سېكۇنت ئىچىدە كىشلەر ئېگىز بىنالاردىن قېچىپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بۇنداق چاغلاردا بىز چوقۇم تازىلىق ئۆيى، ئاشخانا ئۆيدەك كىچىك ئۆيلەرگە مۆكۈنۈپ ئىككى قولىمىز بىلەن بېشىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىرتلاردا يۈرگەن ۋاقتىمىزدا يەر تەۋرەپ قالسا، ئېگىز بىنالار يوق جايلارغا بېرىپ دالدىلىنىشىمىز كېرەك.





ياستۇق ياكى يۇمشاق نەرسىلەرنى باشقا تۇتۇپ، پۇختىراق ئۆي جاھازىلىرىنىڭ ئاستىغا ياكى تۇرۇبىنىڭ يېنىغا مۆكۈۋېلىش ئۆزىنى قوغداشنىڭ بىرخىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.



كۈچلۈك يەر تەۋرەشتە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، كىشىلەر خارابىلىق ئىچىدە قاملىپ قالىدۇ، قۇتقۇزغۇچى خادىملار خارابىلىقتىن چىقىۋاتقان ئاۋازغا ئاساسەن، ھايات قالغۇچىلارنى تېز سۈرئەتتە قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.

جاۋاب: C

## يەر تەۋرەش دەرىجىسى

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى يەر تەۋرەش دەرىجىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. يەر تەۋرەش دەرىجىسى قانچە چوڭ بولسا، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان ئېنېرگىيە شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۈچ بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشنى كىشىلەر ھېس قىلالايدۇ. بەش بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشتە پۇختا بولمىغان ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.



ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ يارىلىنىشتىن ساقلىنىشقا بولىدۇ.



ئېگىز نەرسىلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا بولمايدۇ.



پەلەمپەيدىن مېڭىپ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا بولىدۇ.



بالكوندىن سەكرەپ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

يەر تەۋرەش ئېگىز بىنالارنى ئۇياق-بۇياققا تەۋرىتىپ، «تولغىما ئۇسسۇل» ئويناتقۇزىدۇ.

يەر تەۋرەش ئىستولبىلارنى قىيسايتىپ، توك سىملىرىنى ئۈزۈۋېتىپ ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.




يەر تەۋرىگەندە يەر پوستى يۇقىرى-تۆۋەن سۈرۈلىدۇ.

ئالىملار يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ، يەر تەۋرەش دولقۇنلىرىنى خاتىرىلىۋالىدۇ.

A پۇشتەك تارقالاشتۇرۇلغانلارنى يىغىشقا ئىشلىتىلىدۇ





B كىچىك باللارنى بەزلەشكە ئىشلىتىلىدۇ



تىرېۋوگا چىققاندا يەر تەۋرىشى مۇمكىن، مەن بىر پۇشتەك تەييارلىۋالدىم، ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟



Cياردەمگە چاقىرغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

### يەر تەۋرەشنى ئالدىن مۆلچەرلەش

ئالىملار ھەرخىل ئىلغار ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى جىنس قاتلىمىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، يەر تەۋرەشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، يەر تەۋرەشنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش توغرىسىدا تىرېۋوگا چىقىرىپ، كىشىلەرگە ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

# يەر شارى ئاتموسفېراسى

ئېكزوسفېرا (تاشقى قاتلام)

بۇ قاتلامنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن شالاڭ، تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، نەچچە مىڭ سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدۇ. بىراق ھاۋا بەك شالاڭ بولغاچقا، ئىسسىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

تاشقى قاتلام ئاتموسفېرانىڭ ئەڭ سىرتقى قاتلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۇقىرىسى يۇلتۇزلار ئارا ئالەم بوشلۇقىدىن ئىبارەت.

يەر شارى سىرتقى يۈزىنى بىر قەۋەت ئاتموسفېرا ئوراپ تۇرغاچقا، يەر شارى يۈزىدە كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى ئاي ۋە مارسنىڭكىدەك بەك چوڭ بولمايدۇ. چۈنكى يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىنى بىر قەۋەت ئاتموسفېرا ئوراپ تۇرغاچقا ئۇ خۇددى تەخسىگۈچكە ئوخشاش، يەر شارى ئاتموسفېراسىغا كىرگەن رادىئاتسىيە ئىسسىقلىقىنى تەخسەپ، يەر شارىدىكى ھاياتلىقنى قوغدايدۇ.

تېرموسفېرا (ئىسسىقلىق قاتلىمى) مېزوسفېرانىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ تېز سۈرئەتتە ئۆرلەيدۇ.




بۇ قاتلام يەر يۈزى تارقاتقان سىمسىز رادىئو دولقۇنىنى قايتۇرالايدۇ.

## ئاتموسفېرا قاتلىمى

يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ قېلىنلىقى 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تروپوسفېرا، ستراتوسفېرا، مېزوسفېرا (ئوتتۇرا قاتلام)، تېرموسفېرا، ئېكزوسفېرا (تاشقى قاتلام) دەپ بەش قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. ئاتموسفېرادىكى گاز ۋە سۇ پارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاستىنقى قاتلامغا توپلىنىدۇ. يۇقىرى بوشلۇققا ئۆرلىگەنسېرى ھاۋا شۇنچە شالاڭلايدۇ.



ئايدا ھاۋا يوق شۇڭا ھاياتلىقمۇ يوق.

سىمسىز رادىئو دولقۇنى

تروپوسفېرا

## ھاياتلىق ھاۋادىن ئايرىلالمايدۇ

يەر شارى ئاتموسفېراسىدا ئوكسىگېن، ئازوت، كاربون (IV) ئوكسىد، سۇ پارى ۋە ئوزون قاتارلىق گازلار مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتنىڭ مىقدارى ھەممىدىن كۆپ. بارلىق جانلىقلار ئاتموسفېرادىكى ئوكسىگېنغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ئەگەر ئاتموسفېرا بولمىغان بولسا بىز ئىنسانلارمۇ ھايات كەچۈرەلمىگەن بولاتتۇق.

تروپوسفېرا ئاتموسفېرانىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىمى بولۇپ، سۇ پارلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ قاتلامغا توپلىنىدۇ.

جاۋاب: ABCD

تېرموسفېرانىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1200℃ ئەتراپىدا بولىدۇ.

بۇ قاتلامدا هاۋا ئىنتايىن شالاڭ بولۇپ، ئاۋاز ئاسانلىقچە تارقىلالمايدۇ. ئالەم ئايروپىلانىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

قۇتۇپ نۇرى

تېرموسفېرا

راكېتا ئاتموسفېرا قاتلىمىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچماقتا.

مېزوسفېرا يەر شارى ئاتموسفېراسىدىكى بەش قاتلامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتلىمى بولۇپ، هاۋاسى ستراتوسفېرانىڭكىگە قارىغاندا شالاڭ، سۇ پارلىرىنىڭ مىقدارى ئاز، تېمپېراتۇرىسى ئېگىزلىكنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ.

مېزوسفېرا (ئوتتۇرا قاتلام)

ئاقار يۇلتۇز

ستراتوسفېرا تراپوسفېرانىڭ ئۈستىدىكى قاتلام بولۇپ، هاۋاسى شالاڭ، سۇ پارلىرى ۋە چاڭ-توزاننىڭ مىقدارى ئاز، هاۋا ئېقىمى گورىزونتال هەرىكەت هالىتىدە بولىدۇ.

تەكشى ئېقىم شەكلى

ئوزون قاتلىمى

ئايروپىلان بۇ جايدىن تىنچ، بىخەتەر هالەتتە ئۇچۇپ ئۆتەلەيدۇ.

هاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش شارى

## ئوزون قاتلىمى

ئاتموسفېرادىكى ئوزون قاتلىمى يەر شارى يۈزىدىن 20-25 كىلومېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، قۇياشتىن كېلىدىغان قىسقا دولقۇنلۇق ئۇلترا بىنەپشە نۇر رادىئاتسىيىسىنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئىنسانلار ۋە يەر شارىدىكى باشقا جانلىقلارنى ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ زەخمىسىدىن ساقلايدۇ.




ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئوزون قاتلىمىنى شالاڭلاشتۇرۇۋېلا قالماستىن، جەنۇبىي قۇتۇپ رايونىدا ئەتىياز پەسلىدە ئوزون ئۆڭكۈرىنى پەيدا قىلىپ، قۇياشنىڭ يەر شارىغا تەسىر قىلىدىغان قىسقا دولقۇنلۇق ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ رادىئاتسىيىسىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ هايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زەخملىنىشى هەتتا نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، يەر يۈزىنىڭ ۋە دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

## هەرخىل هاۋارايى هادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ

ئاتموسفېرادىكى سۇ پارلىرىنىڭ مىقدارى ناهايىتى ئاز بولۇپ، ئاتموسفېرانىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا يىغىلغان. هاۋانىڭ ۋېرتىكال كونۋېكسىيىلىك هەرىكىتى بۇلۇت، يامغۇر، قار، گۈلدۈرماما قاتارلىق مۇرەككەپ هاۋارايى هادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سۇ پارلىرىنىڭ پارلىنىشى ۋە قېتىشىشى بىلەن ئىسسىقلىق سۈمۈرۈلۈپ ۋە قويۇپ بېرىلىپ، ئاتموسفېرانىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە هەرىكىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

# كۆك ئاسمان ۋە ئاپئاق بۇلۇت

هاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆپكۆك ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرۈشىدۇ، بۇلۇتلار ھەرخىل شەكىللەرگە ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارىماققا ئەۋلىيالارنىڭ ئەينىكىدەك سېھىرلىك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ.




ھاۋا بوشلۇقىغا كۆپ مىقداردا سۇ پارلىرىنى قويۇپ بەرگەندە سۈنئىي بۇلۇت ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ



بۇلۇت - تۇمانلار تارقاپ، كۈن چىقتى!

بىنەپشە، يېشىل، كۆك رەڭلىك نۇرلار ئاتموسفېرا مولېكۇلىلىرى تەرىپىدىن ھاۋا بوشلۇقىغا چېچىۋېتىلىدۇ.



ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىدىن چىققان گازدىن شەكىللەنگەن بۇلۇت ئارغامچا

### كۆك ئاسمان

قۇياش نۇرى ئاتموسفېراغا كىرگەندىن كېيىن، ئاتموسفېرا مولېكۇلىلىرىنىڭ تەسىرىدە، قۇياش نۇرى تەركىبىدىكى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى بىر قەدەر قىسقا بولغان ئۇلترا بىنەپشە نۇر، يېشىل نۇر، كۆك نۇرلارنىڭ چېچىلىشى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا بىز كۆرۈپ تۇرغان كۆك ئاسمان ئەمەلىيەتتە قۇياش نۇرى تەركىبىدىكى چېچىلغان كۆك ۋە بىنەپشە رەڭلىك نۇرلاردىن ئىبارەت.

بىر قىسىم جايلارنىڭ يەر يۈزى ئىسسىقلىق سۈمۈرۈپ، ھاۋانىڭ كونۋېكسىيىلىك ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىپ شالاڭ توپ بۇلۇت، قويۇق توپ بۇلۇت ۋە يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يامغۇرلۇق توپ بۇلۇت

ئاسماندا بۇلۇت بولمىسا ياكى بۇلۇت ئومۇمىي مىقدارى 3/10 كە يەتمىسە «ھاۋا ئوچۇق كۈن» دېيىلىدۇ.

### يامغۇرلۇق توپ بۇلۇت

يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتنىڭ قېلىن توپلىنىشى يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇياش نۇرى بۇلۇت قاتلىمىنى تېشىپ ئۆتەلمىگەچكە، بۇلۇت قارىماققا قارا كۆرۈنىدۇ.

قۇياش نۇرى ئىچىدىكى تېشىپ ئۆتۈش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان قىزىل، قىزغۇچ، سېرىق رەڭلىك نۇرلار ئاتموسفېرانى تېشىپ ئۆتەلىگەچكە، بىز يەر يۈزىدە قىزىل رەڭلىك كەچكى شەپەق ۋە سۇبھىنى كۆرەلەيمىز.

يامغۇرلۇق قات بۇلۇت



## بۇلۇتقا قاراپ ھاۋارايىنى بىلىش

بىز ئادەتتە سۇ پارلىرىنىمۇ، شامالنىمۇ كۆرەلمەيمىز. لېكىن بۇلۇتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشىدىن سۇ پارلىرى ۋە ئاتموسفېرانىڭ ھەرىكىتىنى بىلەلەيمىز ھەم بۇنىڭدىن يامغۇر، قار، مۆلدۈر قاتارلىق ھاۋارايى ھادىسىلىرىنى پەرەز قىلالايمىز. مەملىكىتىمىزدىكى ئەمگەكچى خەلقلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇلۇتنىڭ شەكلى، قېلىنلىقى، رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇلۇتقا قاراپ ھاۋارايىغا ھۆكۈم قىلىدىغان مول تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقتى.

بۇجغۇ بۇلۇت

يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتنىڭ ئېگىزلىكى 7 ـ 8 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

5000 مېتىر

قات توپ بۇلۇت



يۇقىرى قات بۇلۇت

ئاتموسفېرانىڭ مەلۇم بۆلىكىدە يۇقىرى ئۆرلىگەن ھاۋا ئېقىمى شەكىللەنگەندە، ئەتراپتىكى ھاۋا تەدرىجىي شالاڭلىشىپ، ھەجمى كېڭىيىپ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، بۇلۇت توپىنى شەكىللەندۈرىدۇ.




### ئاق بۇلۇت

ھاۋادىكى سۇ پارلىرى ئۇيۇشۇپ ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ۋە ئۇششاق مۇز كرىستاللىرىنى شەكىللەندۇرۇپ، ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن ئاق رەڭلىك بۇلۇتنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بۇلۇتلارنىڭ بەزىلىرى ئېگىز، بەزىلىرى پەس بولۇپ، توختىماستىن ھەرىكەتلىنىپ، ھەرخىل شەكىللەرگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

2000 مېتىر




دېڭىزى بۇلۇت

بۇ ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان ماقال ـ تەمسىل، بۈنىڭدىكى بېلىق قاسىرقى بۇجغۇر بۇلۇتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئاسماندا بۇ خىل بۇلۇتنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقىرى قاتلامدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەگەر بۇلۇت قاتلىمى داۋاملىق تۆۋەنلىسە، قېلىنلىسا، بۇ جايلاردا يامغۇر يېغىشى ياكى شامال چىقىشى مۇمكىن.

# تۇمان ۋە قىروۋ

تۇمان بىلەن بۇلۇت ئوخشاشلا ھاۋادىكى كىچىك سۇ تامچىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇلۇت بىلەن تۇماننىڭ پەرقى شۇكى، تۇمان يەر يۈزىگە يېقىن جايدىكى بۇلۇت، بۇلۇت بولسا ھاۋادا پەيدا بولغان تۇماندىن ئىبارەت.




پۈتۈن جاينى تۇمان قاپلاپ كەتكەندە، پەقەت يېقىن جايدىكى نەرسىلەرنىلا كۆرەلەيمىز، يىراقتىكى نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈنىدۇ.

تۇمانلىق كۈنلەردە، تاشيولدا ماشىنىلار چوقۇم ئاستا يۈرۈشى، ئالدى-كەينىدە مەلۇم ئارىلىق ساقلىشى، تۇمان چىرىغىنى يورۇتۇپ قويۇشى كېرەك.



تۇمانلىق شەھەر چوڭچىڭ

## تۇمانلىق شەھەر

دۇنيادىكى ئىككى تۇمانلىق شەھەرنىڭ بىرى دۆلىتىمىزدىكى چوڭچىڭ شەھىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە تۇمانلىق كۈنى 70 كۈن، يەنە بىرى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بەش كۈننىڭ بىرى تۇمانلىق كۈن بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىمۇ تۇمانلىق شەھەر بولۇپ، بۇ جايدىكى گولدېن كۆۋرۈكنى تىنىچ ئوكياندىن كەلگەن تۇمان ئۆزۈۋەتكەچكە «تۇماندىن ئۈزۈلگەن گولدېن كۆۋرۈكى» ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

## تۇماندىن سۇ ئېلىش

بەزى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملۇق بەلۋاغلاردا كىشىلەر شامالدىكى تۇماندىن پايدىلىنىپ سۇ يىغىۋېلىپ، سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇلار تىكلەنگەن ياغاچ جازىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تور قىستۇرۇپ، شۇ تور ئارقىلىق تۇماندىكى سۇ تامچىلىرىنى يىغىۋالىدۇ ۋە تورمۇشقا ئىشلىتىدۇ.



## تۇماننىڭ شەكىللىنىشى

تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە يەر يۈزىگە يېقىن جايدىكى ئارتۇق سۇ پارلىرى ئۇيۇشۇپ سۇ تامچىلىرىغا ئايلىنىپ ھاۋادا لەيلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇمان پەيدا بولىدۇ.

**تۇمان قانداق ۋاقىتلاردا ئاسان پەيدا بولىدۇ؟**

قىش پەسلىدىكى ھاۋا ئوچۇق كېچىلىرى، شامالسىز ياكى ئاجىز شاماللىق كۈنلىرى يەر يۈزىگە يېقىن قاتلامنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېز تۆۋەنلەيدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتىكى ھاۋا بىر قەدەر نەم بولسا، ئۇ ئاسانلا تۇمانغا ئايلىنىدۇ.

تۇمان ئادەتتە ئورمانلاردا، جاڭگاللاردا، سۇ ئۈستىلىرىدە پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ تۇمانلارنىڭ ئورنىشى بىلەن ئەتراپتىكى مەنزىرىلەر غۇۋا كۆرۈنۈپ كىشىلەرگە سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

## قىروۋ

سوغۇق قىش كۈنلىرى، بەزى تۇمان كۆپ جايلاردا دەرەخ شاخلىرى چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى خرۇستال مۇز قەسىرىدىكىدەك خرۇستال مۇز گۈللىرى بىلەن ئورۇلىدۇ. بۇ دەل بىز ئېيتىپ يۈرگەن قىروۋدۇر.

قىروۋنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن تېمپېراتۇرا ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى، كۆپ مىقداردا مۇزلىغان قىروۋ تامچىلىرى بولۇشى كېرەك.




ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن مۇزلىمىغان تۇمان تامچىلىرى تېمپېراتۇرىسى 0℃تىن تۆۋەن بولغان جىسىملار بىلەن ئۇچراشقان ھامان تېز سۈرئەتتە قېتىشىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى قىروۋنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەتتە بۇنى قىروۋ دەپ ئاتايدۇ.






## يامغۇر ۋە ھەسەن- ھۈسەن

يامغۇر— تەبىئەت دۇنياسىدىكى دائىم كۆرۈلىدىغان ھۆل يېغىن ھادىسىسى شۇنداقلا يەر شارىدىكى تاتلىق سۇ بايلىقىنى تولۇقلاشنىڭ ئاساسلىق يولى. يامغۇر توختاپ، ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن، بىز ئاسماندا كۆركەم ھەسەن- ھۈسەننى كۆرەلەيمىز.

### بۇلۇت بولسا ئاندىن يامغۇر ياغىدۇ

يامغۇر بۇلۇتتىن چۈشىدىغان سۇ تامچىسى بولۇپ، پەقەت قېلىن بۇلۇت بولسا ئاندىن يامغۇر ياغىدۇ. ئىللىق بۇلۇتتىكى (تېمپېراتۇرىسى 0℃دىن يۇقىرى) سۇ تامچىلىرى چۈشۈش جەريانىدا، ھەجىمى ئۆزىنىڭكىدىن كىچىك، چۈشۈش سۈرئىتى ئۆزىدىن ئاستا بولغان كىچىك سۇ تامچىلىرىنى يۇتۇۋېلىپ بارغانسېرى چوڭىيىپ، يامغۇر بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ. سوغۇق بۇلۇتتىكى (تېمپېراتۇرىسى 0℃دىن تۆۋەن) قار خرۇستاللىرى بۇلۇتتىكى سۇ پارلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ قېتىشىپ، ئېخىمۇ چوڭ مۇز دانىچىلىرىگە ئايلىنىپ قار بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ. چۈشۈش جەريانىدا تېمپېراتۇرىسى 0℃دىن يۇقىرى بولغان ئاتموسفېرا قاتلىمىغا كىرگەندە ئېرىپ يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلىنىدۇ.

سىم- سىم يامغۇرنىڭ تامچىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، بىردەم تۇمانغا، بىردەم يامغۇرغا ئوخشايدۇ، يەرگە چۈشسە ئاۋازى چىقمايدۇ، تۆت ئەتراپقا چاچرىمايدۇ.




يامغۇر سۈيى كۆلچەككە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى.



بەزى چاغلاردا ھەسەن-ھۈسەننىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا تىزىلىش تەرتىپى ئۈنىڭ تىزىلىش تەرتىپى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان نۇر بەلۋېغىنى كۆرەلەيمىز، بۇ دەل ھەسەن-ھۈسەن شولىسىدۇر.

شولىسى

ھەسەن-ھۈسەننىڭ ئاسماندىكى ئورنى قۇياشنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە بولۇپ، يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئاسماندا يامغۇر تامچىلىرى تېخى تۈگىمىگەن ۋاقىتتىلا ئاندىن پەيدا بولىدۇ.

[illegible] ھەسەن - ھۈسەن

[illegible] ئاتمو[illegible]دىكى ئەڭ گۈزەل بولغان تەبىئىي ھادىسە[illegible] بولۇپ، [illegible] كۆك قەرىدە ئېسىلىپ تۇرغان تۈۋرۈكسىز [illegible] ئوخشايدۇ. بىر پەقەت يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلغان ۋاقىتلاردا ھەسەن [illegible] ئادەتتىكى كۈنلەردە ھەسەن-ھۈسەننى كۆ[illegible] بولىدۇ.

قۇياش نۇرى سۇ تامچىلىرىدىن ئۆتكەندە، نۇر سۇنۇپ قىزىل، قىزغۇچ، سېرىق، يېشىل، كۆكۈچ، كۆك، بىنەپشە رەڭلىك [illegible] يەنە خىل نۇر بەلۋاغقا ئايرىلىپ، [illegible] كېيىن بىر پارچە ھەسەن-ھۈسەن بەلۋېغى شەكىللىنىدۇ.

ھەسەن-ھۈسەن




قۇرغاق مۇز ئايروپىلاندىن چېچىلغاندىن كېيىن، بۇلۇتتىكى مۇز خرۇستاللىرى چوڭىيىپ قار ئۇچقۇنلىرىغا ئايلىنىپ چۈشۈش جەريانىدا ئېرىپ يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلىنىدۇ.

ئۆسۈملۈكلەر سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن قۇرۇپ كەتتى.




### سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش

زىرائەتلەر قۇرغاقچىلىق ئۇچرىغان سۇغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندا، بىز ئاسماندىكى يامغۇر يېغىش ئېھتىماللىقى بولغان بۇلۇتلاردىن پايدىلىنىپ سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ، بۇلۇتتىكى مۇز خرۇستاللىرى ياكى سۇ تامچىلىرىنى چوڭايتىپ يامغۇر ياغدۇرالايمىز.

**ھەسەن-ھۈسەننى قانداق «ياسايمىز»؟**

ياز پەسلىدىكى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قۇياشقا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، سۇ سۈپۈرگۈچ ئارقىلىق سۇ تامچىلىرىنى پۈركۈپ، سۇ تامچىلىرى پەردىسى ئارقىلىق ھەسەن-ھۈسەن «ياسىغىلى» بولىدۇ. ماڭا ئوخشاش قىلىسىڭىز گۈزەل ھەسەن-ھۈسەننى كۆرەلەيسىز، يىراق تېز قارىمىسىڭىز سۇ تامچىلىرى چۈشۈپ كەتسە ھەسەن-ھۈسەن يوقاپ كېتىدۇ-ھە!

# گۇلدۇرماما ۋە چاقماق

ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، هاۋا دىمىق هەم نەم بولغاندا، ئاسماندا كۆزنى چاقنىتىدىغان چاقماقنى كۆرۈش بىلەن بىرگە قۇلاقنى يارغۇدەك گۇلدۇرماما ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز، بۇ خىل هادىسە ياز پەسلىدىكى يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتتا كۆرۈلىدۇ.



## چاقماقنىڭ شەكلى

چاقماق - ئاسماندىكى بوشلۇقتا بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ئارىسىدىكى ياكى بۇلۇت بىلەن يەر ئارىسىدىكى زەرەت قويۇپ بېرىش هادىسىسىدىن ئىبارەت. دائىم كۆرۈلىدىغان يىپسىمان چاقماقتىن باشقا بەلۋاغسىمان چاقماق، توپسىمان چاقماق، تىزىق مارجانسىمان چاقماق قاتارلىق كۆپ خىل چاقماق شەكىللىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە توپسىمان چاقماق كىشىنى شۈركەندۈرىدۇ ۋە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. توپسىمان چاقماقنىڭ رادىئوسى 10-20 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، كۆپىنچىسى قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق رەڭدە بولىدۇ. ئۇ تۇرغۇن، دېرىزە يوچۇقلىرىدىن ئۆي ئىچىگە كىرەلەيدۇ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتى بەش سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. يوقاپ كەتكەندە ئۈنلۈك ئاۋاز چىقىرىدۇ. بەزىدە قۇرۇلۇشلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.




## گۇلدۇرماما بىلەن چاقماقنىڭ كۈچى (هەيۋىسى)

يەر چاقمىقى چاقماق ئومۇمىي سانىنىڭ ناهايىتى ئاز قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، بىراق ئادەم ۋە هايۋانلارنى سوقۇپ ئۆلتۈرىدىغىنى يەنىلا يەر چاقمىقىدىن ئىبارەت. يەر چاقمىقى ئادەتتە بىپايان دالىدىكى ئېگىز دەرەخ، شەهەرلەردىكى ئېگىز بىنا ۋە يەر يۈزىدىكى باشقا ئېگىز جىسىملارغا سوقۇلغاندىن باشقا يەنە ئىشلىتىلىۋاتقان ئېلېكتر ئەسۋابلىرى، تېلېفون قاتارلىقلارغا سوقۇلۇپ كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ.




جاۋاب: ABCD




ئاسماندىكى مۇسبەت زەرەتلەنگەن بۇلۇت بىلەن مەنپىي زەرەتلەنگەن بۇلۇت ئۆزئارا يېقىنلاشقاندا ياكى زەرەتلەنگەن بۇلۇت يەر يۈزىگە يېقىنلاشقاندا زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، غايەت زور نۇر ئۇچقۇنلىرى ئاسماننى يېرىپ ئۆتۈپ، چاقماقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## بۇلۇت چاقمىقى ۋە يەر چاقمىقى

چاقماق پەيدا بولۇش ئورنىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بۇلۇت ئىچىدە پەيدا بولىدىغان چاقماق، يەنى ئوخشاش بىر پارچە بۇلۇتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىملىرىدا زەرەت قويۇپ بېرىدۇ؛ بۇلۇتلار ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان چاقماق، يەنى ئىككى پارچە بۇلۇت ئارىسىدا زەرەت قويۇپ بېرىدۇ؛ بۇلۇت بىلەن يەر ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان چاقماق، يەنى بۇلۇت قاتلىمى بىلەن يەر يۈزى ئارىسىدا زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. ئالدىنقى ئىككىسى بىرلىشىپ بۇلۇت چاقمىقى دېيىلىدۇ، كېيىنكىسى يەر چاقمىقى دېيىلىدۇ.

## گۈلدۈرماما بىلەن چاقماق بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ

گۈلدۈرماما بىلەن چاقماق بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. لېكىن نۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئاۋازنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىدىن تېز بولغاچقا، ئادەتتە بىز چاقماق چېقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز. كونىلار «تېز گۈلدۈرمامىدا قۇلاقنى ئېتىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيدۇ» دەپ ئېيتىدۇ، بۇ دەل گۈلدۈرماما پەيدا قىلىدىغان بۇلۇتنىڭ يەر يۈزىگە ئىنتايىن يېقىن بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

## چاقماق قايتۇرغۇچ

قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چاقماق قايتۇرغۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ قۇرۇلۇشلارغا ئۇرۇلغان گۈلدۈرمامىنى ئۆزىگە تارتىۋېلىش بىلەن بىرگە، گۈلدۈرماما ئېلېكتر دولقۇنىنى بىخەتەر ھالدا زېمىنغا يەتكۈزۈپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قار ۋە مۆلدۈر

قــار بىلــەن مۆلــدۈر هــەر ئىككىســـىلا بۇلۇتتىن ياغىدىغان قاتتىق هالەتتىكى ســۇ بولغاچقا، «قاتتىق هالەتتىكى هۆل يېغىن» دەپ ئاتىلىدۇ. مۆلدۈر ئادەتتە يازدا ياغىدۇ، قار بولسا قىشتا ياغىدۇ.



تــاغ يانباغىردىكــى يېغىندا قارلاردا غولاپ چۈشۈش يۈز بېرىدۇ، يۇقىرىدىــن تۆۋەنگــە چۈشــۈش سۈرئىتى ناهايىتى تېز بولىدۇ.

## قار كۆچۈش

دېڭــز يۈزىدىــن ئېگىزلىكــى 4000-5000 مېتىر كېلىدىغــان ئېگىــز تاغلاردىكى قار دۆۋىلــرى يىل بويى ئېرىمەيــدۇ. قارلارنىــڭ قېلىن دۆۋىلىنىپ كېتىشــى ياكى يانباغىرنىڭ بەك تىك بولۇپ كېتىشــى ســەۋەبىدىن قار كۆچــۈش يۈز بېرىدۇ. بۇ قار كۆچۈش دەپ ئاتىلىدۇ. قار كۆچۈش بىــر خىل تەبىئىي ئاپەت بولۇپ، دائىم تاغلىق رايونلاردىكــى ئاهالىلەر ۋە قــار تېيىلغۇچىلارنىڭ هاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.



ئــۇدا ياغقــان قاتتىــق قــار يولنى توســۇۋېلىپ، قاتناشقا دەخلى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ يــول يۈرۈشــىگە تەســىر يەتكۈزىدۇ.

يىل بويى قارلار دۆۋىلىنىپ تۇرىدىغان رايونلاردا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى پۇختىراق سېلىنىشى كېرەك.

مــۇز خــرۇســتالــلــرى چۈشۈش جەريانىدا هاۋادىكى چاڭ زەررىچىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ســۈمۈرۈۋالىدۇ، شۇڭلاشقا قار توختىغاندىن كېيىن هاۋانىڭ ئادەتتىن تاشقىرى پاكىز هەم ســاپ بولــۇپ قالغانلىقىنى هېس قىلىمىز.

ســۇ پارلــرى مۇز خرۇســتاللىرى ئۈستىگە قېتىشىدۇ.

سۇ پارلىرى داۋاملىق مــۇز خرۇســتاللىرى ئۈســتىگە قېتىشىپ، چوڭ قار خرۇستالىنى يەنــى كىچىــك قار دانىچىلىرىنى هاسىل قىلىدۇ.




كىچىك قــار دانىچىلىرى چوڭايغاندىــن كېيىــن، يۇقــرى كۆتۈرۈلگەن هاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ قار بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ.



شەكلى هەرخىل قار دانىچىلىرى

قەھرىتان قىش پەسلىدە، قارلارنى دۆۋىلەپ ياسىغان قار ئادەم ئۈزۈنغىچە ئېرىپ كەتمەيدۇ.





بالىلار رەسىمى: مەن دوستۇمغا گۈللۈك چاپان كىيگۈزدۈم. (جاۋ ۋېي)

چەكســىز كەتكەن قار، تېرىلىپ بولغان قىشلىق زىرائەتلەرنــى قوغــداش بىلەن بىرگــە زېمىننى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## قار دانىچىلىرى ( گۈللىرى )

بۇلۇتتىكى سۇ پارلىرى مۇز خرۇستاللىرى ئۈستىگە قېتىشــىپ، تەدرىجىي چوڭىيىپ قار خرۇســتالى ۋە قار دانىچىلىرىنى شــەكىللەندۈرىدۇ. قار خرۇســتاللىرى ئالتە تەرەپلىــك بولغاچقا، قــار دانىچىلىرىمۇ خۇددى گۈلگە ئوخشاش ئالتە تەرەپلىك شەكىلدە بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى قار دانىچىلىرى ياكى قار گۈللىرى دەپ ئاتايمىز.

## مۆلدۈرنىڭ شەكىللىنىشى

مۆلدۈرنى شەكىللەندۈرىدىغان يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتتا ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇلۇتتىكى قار دانىچىلىرى ۋە مۇز دانىچىلىرى مۆلدۈرنىڭ تۆرەلمىسىگە ئايلىنىدۇ. مۆلدۈر تۆرەلمىسى ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ، قات-قات سۈزۈك ۋە سۈزۈك بولمىغان مۇز قاتلاملىرىنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇپ، بارغانسېرى چوڭىيىدۇ، تاكى چوڭىيىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ھاۋا ئېقىمى تاقابىل تۇرالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەندە ئاندىن يەرگە چۈشىدۇ، بۇ دەل مۆلدۈردىن ئىبارەت.






مۆلدۈردىن كېيىن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋەيران بولۇپ كەتتى.



توخۇم چوڭلۇقىدىكى مۆلدۈر




## مۆلدۈر ئاپەت پەيدا قىلىدۇ

مۆلدۈرنىڭ كىچىكلىرى پۇرچاقچىلىك، ياڭاقچىلىك، تۇخۇم چوڭلىرى مۇشتچىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بوشلۇقتىن (ئاسماندىن) چۈشۈش سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غوللىرىنى ئېگىۋېتىدۇ، يوپۇرماقلىرىنى تېشىۋېتىدۇ، چوڭراق مۆلدۈرلەر تېخى ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يارىلاندۇرۇپ ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.



مۆلدۈر ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

يەرگە چۈشكەن مۆلدۈر



گۈل بەرگلىرى ئۈستىدە قېتىشىپ
قالغان شەبنەم تامچىسى

## قىرو ۋە شەبنەم

قىرو بىلەن شەبنەم ھەر ئىككىسىلا ھاۋادىكى سۇ پارلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى جىسىملار ئۈستىدە قېتىشىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئادەتتە كېچىدە ياكى سەھەردە پەيدا بولىدۇ. كۈن چىققاندىن كېيىن ئېرىپ پارلىنىپ كېتىدۇ، قىرو ۋە شەبنەم چۈشكەن كېچىلىرى ئەتىدىكى ھاۋانىڭ ئوچۇق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.




**شەبنەم**

باز، كۈز پەسىللىرى ئەتىگىنى ئوتلاقتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا تامچە - تامچە پارقىراق كىچىك سۇ تامچىلىرىنى كۆرەلەيمىز، بۇ دەل شەبنەمدۇر.





A ئىستاكان گىرۋەكلىرىدە شەبنەم بار.





*ياز كۈنلىرى توڭلاتقۇنىڭ توڭلىتىش ساندۇقىدىن سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ پاكىز ئەينەك ئىستاكانغا قويسىڭىز قانداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ؟*

B ئىستاكان گىرۋەكلىرىدە قىرو پەيدا بولىدۇ.

### ئۆسۈملۈكلەر شەبنەمنى ياخشى كۆرىدۇ

شەبنەم كىچىك بولسىمۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاق رايونلاردا شەبنەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينايدۇ. بەزى قۇملۇقلاردا گەرچە بىر قانچە ئايغىچە يامغۇر ياغمىسىمۇ ئۆسۈملۈكلەر يەنىلا شەبنەمگە تايىنىپ ھايات كەچۈرەلەيدۇ.

جاۋاب: A

## قىرو

كەچكۈز ۋە باش ئەتىياز مەزگىللىرىدە، كېچىلىرى تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن بولغاندا، ھاۋادىكى ئارتۇق سۇ پارلىرى ئۇسسۇملۇكلەرنىڭ يوپۇرمىقى، ياغاچ قاتارلىق ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىر قەدەر ناچار بولغان جىسىملارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، بىر قەۋەت ئاپئاق خرۇستالنى شەكىللەندۈرىدۇ، مانا بۇ قىرودۇر. كۈن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، قىرو تەدرىجىي ئېرىپ پارلىنىپ كېتىدۇ.

## ياخشى ھاۋارايىدىن ئالدىن بەلگە بېرىش (مەلۇمات بېرىش)

شەبنەم بىلەن قىرو كۆپىنچە ھاۋا ئوچۇق، شامالسىز ياكى سەلكىن شامال چىققان كېچىلىرى پەيدا بولۇپ، ئەتىدىكى ياكى كەلگۈسى بىرقانچە كۈندىكى ھاۋانىڭ بىرقەدەر ياخشى بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ.








كۆركەم دېرىزە گۈللىرى



## ئەينەك دېرىزىگە تۇتقان قىرو

قەھرىتان قىش كۈنلىرى ئۆيدىكى سۇ پارلىرىنىڭ مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغاندا، ئۆي ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولغاچقا، ئەينەك دېرىزىدە كۆركەم قىرو گۈللىرىنى كۆرەلەيمىز. بىراق قىرو گۈللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرو ئەمەس، بەلكى قىرو بىلەن مۇزنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت.

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى قىرودىن قورقىدۇ

قىرو چۈشكەندە تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۆسۈۋاتقان زىرائەتلەر توڭلاپ قالىدۇ، بۇ ئۈششۈك دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر دائىم ئوراش، سۇغۇرۇش، ئىس قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قىرونىڭ زىرائەتلەرگە بولغان تەسىرىنى ئازايتىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# شامال

شامال هاۋانىڭ ــ هاۋا بېسىمى يۇقىرى جايدىن هاۋا بېسىمى تۆۋەن جايغا قاراپ يۆتكىلىشىدىن شەكىللەنگەن. بىز شامالنى كۆرەلمىسەكمۇ، لېكىن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئىغاڭشىشى، قىزىل بايراقنىڭ لەپىلدىشى، چاڭ-توزانلارنىڭ ئۇچۇشى قاتارلىق هادىسىلەردىن شامالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سېزەلەيمىز.



شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى

شامال كۈچى نۆل بال بولغان شامالسىز كۈنلەردە تۈرخۈندىن چىققان ئىس تىك يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ.





شامال سۈرئىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب



شامال كۈچى بىر بال بولغاندا تۈرخۈندىن چىققان ئىس سەل قىيسىيىدۇ.



شامال كۈچى ئىككى بال بولغاندا دەرەخ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلايدۇ.

## شامالنىڭ تۆھپىسى

شامال زور مىقداردىكى سۇ پارلىرى ۋە ئىسسىقلىقنى يەتكۈزۈپ، پۈتۈن يەر شارى كىلىماتىنى ئىللىقلاشتۇرىدۇ. چوڭ كۆلەمدىكى هاۋا ئېقىمى بولۇت، يامغۇر قاتارلىق هاۋارايى هادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانلار شامالنى بىلگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقتا.



شامال ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل چاڭلىرىنى تارقىتالايدۇ. دۇنيادىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 1/5 قىسمى شامالغا تايىنىپ گۈل چاڭلىرىنى تارقىتىدۇ.

## شامال سۈرئىتى

شامال سۈرئىتى – هاۋا ئېقىمىنىڭ ئېقىش سۈرئىتى يەنى هاۋا ئېقىمىنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاققان ئارىلىقى بولۇپ، سېكۇنت / مېتىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگەندە شامال كۈچى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نۆل بالدىن 12 بالغىچە جەمئىي 13 بال بولۇپ، بەش بال شامالنىڭ سۈرئىتى 8~10.7 سېكۇنت/مېتىر بولىدۇ.



شامال كۈچى ئۈچ بال بولغاندا مەيىن شامالدا قىزىل بايراق لەپىلدەيدۇ.



شامال كۈچى تۆت بال بولغاندا چاڭ-توزانلار ئۇچىدۇ.

جاۋاب: ABC



شامال كۈچى 12 بال بولغان قارا بوران دولقۇنلارنى ئاسمانۇپەلەك ئۆرلىتەلەيدۇ.



شامالدا ئىروزىيىلەنگەن غارايىپ تاش

## شامالنىڭ ھەيۋىسى

ئەگەر بىر جايدىكى شامال دائىم ئوخشاش بىر يۆنىلىشكە چىقىۋەرسە، ئاجايىپ - غارايىپ مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. شامال يەنە دەرەخلەرنى مايماق قىلىپ قويۇپلا قالماستىن، يەنە بىرقەدەر يۇمشاق تاغ جىنسلىرىنى ئىروزىيىلەپ، ئىروزىيىلەنگەن يەر قىياپىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.



شامال كۈچى 11 بال بولغان قارا بوران قۇرۇقلۇقتا ئاز كۆرۈلىدۇ.

شامال كۈچى ئون بال بولغان كۈچلۈك بوران دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتەلەيدۇ.



شامال كۈچى توققۇز بالغا يەتكەندە ئۆي ئۈستىدىكى كېسەكلەرنى قومۇرۇۋېتەلەيدۇ.

## شامال يۆنىلىشى

شامال يۆنىلىشى شامال چىققان يۆنىلىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇماتتا سەككىز يۆنىلىشكە ئايرىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئادەتتە كۈز، قىش پەسىللىرىدە غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ ۋە شىمالنىڭ قۇرغاق، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى باشلاپ كىرىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە قىيپاش جەنۇب شامىلى چىقىپ دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئىللىق، نەم ھاۋاسىنى باشلاپ كىرىدۇ.

### سەككىز شامال يۆنىلىشى






شامال كۈچى سەككىز بال بولغاندا دەرەخ شاخلىرى سۇنۇپ كېتىدۇ.



شامال كۈچى يەتتە بال بولغاندا يول يۈرۈش قىيىنلىشىدۇ.

ئەگەر بىز كوچىدا كېتىۋاتقاندا قاتتىق بوران چىقىپ قالسا تۆۋەندىكى قايسى ئۇسۇللارنى قوللىنىشىمىز كېرەك؟



شامال كۈچى بەش بال بولغان شامال سۇ يۈزىنى دولقۇنلىتالايدۇ.



شامال كۈچى ئالتە بال بولغاندا كۈنلۈك تۇتۇش قىيىنلىشىدۇ.

A تەتۈر چىققاندا شامالغا كەينىنى قىلىپ مېڭىش.



## ئاجايىپ - غارايىپ شامال

شامال دائىم بىزگە «نەرسىلەرنى ئالغاچ» كېلىدۇ: تەيفېڭ بورىنى قارا يامغۇرنى ئالغاچ كېلىدۇ، قۇم بورانلىق شامال سېرىق قۇملارنى ئالغاچ كېلىدۇ، قارا قۇيۇن يەنە بىزگە تەڭگە پۇل، بېلىق، دانلىق زىرائەت، پاقا قاتارلىق ھەر تۈرلۈك «سوۋغات»لارنى ئالغاچ كېلىدۇ.

كۈچلۈك بوران يەر يۈزىدىكى قۇم-توپىلارنى ئۇچۇرۇپ، ھاۋانى ناھايىتى بىزەپ قىلىۋېتىدۇ.



باللار رەسىمى: قۇم-بورانلىق شامال كەلدى (ياڭ تۈڭ)

### قۇم بورانلىق شامال

قۇملار شامالغا ئەگىشىپ ئۇچىدىغان، ھاۋا قاراڭغۇلىشىدىغان، ھاۋا بۇلغىنىدىغان، كۆرۈش دەرىجىسى تۆۋەن بولىدىغان تەبىئى ھادىسە قۇم بورانلىق شامال دېيىلىدۇ. قۇم بورانلىق شامال ئادەم ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سېلىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. يەرلەرنىڭ قۇملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىراق قۇم بورانلىق شامال پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك ھاۋانىڭ ئىللىپ كېتىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ. شىمالدىكى رايونلاردا كىسلاتالىق يامغۇر پەيدا قىلمايدۇ. قۇم بورانلىق شامال قۇم توپىلارنى دېڭىز-ئوكيانلارغا ئۇچۇرۇپ كېلىپ، دېڭىز-ئوكياندىكى تۆمۈر، فوسفورنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ دېڭىز-ئوكيانلاردىكى جانلىقلارنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.




### قارا قۇيۇن نېمىلەرنى «يۆگەپ» ئېلىپ كېلىدۇ؟

1960 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، فرانسىيىدە «پاقا يامغۇرى» ياغدى. ئەسلىدە تەتۈر قۇيۇن كۆلچەكتىكى سۇ ۋە پاقىلارنى يۆگەپ ئۇچۇرۇپ، باشقا بىر جايغا تاشلىۋەتكەن ئىكەن. تارىختا يەنە «دانلىق زىرائەت يامغۇرى»، «پۇل يامغۇرى»، «بۇغداي يامغۇرى» توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا قۇيۇننىڭ ئىجادىيىتى.

دۆلىتىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جېڭ خې قوشۇنىنى باشلاپ غەربىي ئوكيانغا سەپەر قىلغاندا مۇسسۇن شامىلىدىن پايدىلانغان. ئۇلار قىش پەسلىدە شەرقىي شىمال مۇسسۇنىدىن پايدىلىنىپ غەربىي جەنۇبقا سەپەر قىلغان، ياز پەسلىدە غەربىي جەنۇب مۇسسۇنىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي شىمالغا سەپەر قىلىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن.

### موسسۇن شامىلى

يۆنىلىشى پەسىلنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان شامال موسسۇن شامىلى دېيىلىدۇ. شەرقىي ئاسىيادا قىش پەسلىدە ماتېرىكنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، ھاۋا بېسىمى يۇقىرى بولىدۇ، ھاۋا ئېقىمى قۇرۇقلۇقتىن ئىللىق دېڭىز-ئوكيانغا قاراپ سوقىدۇ، بۇ قىشلىق موسسۇن شامىلىدۇر. ياز پەسلىدە ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھاۋا بېسىمى تۆۋەن بولىدۇ، ھاۋا ئېقىمى دېڭىز-ئوكياندىن ماتېرىكقا قاراپ سوقىدۇ، بۇ يازلىق موسسون شامىلىدۇر.

## قارا قۇيۇن

قارا قۇيۇن ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، دىئامېتىرى نەچچە ئون مېتىر ياكى نەچچە يۈز مېتىر كېلىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى سۈرئىتى ئەڭ تېز شامال قارا قۇيۇندا كۆرۈلىدۇ. قارا قۇيۇن بەزىدە ھەيران قالارلىق ئىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: بېلىق يامغۇرى، راك يامغۇرى، بۇغداي يامغۇرى قاتارلىق غەلىتە يامغۇرلارنى ياغدۇرىدۇ.

يامغۇرلۇق تۇپ بۇلۇت ناھايىتى كۈچەيگەندە، بۇلۇتتا كۈچلۈك قاينام پەيدا بولىدۇ ھەمدە خۇددى پىلنىڭ خارتۇمىغا ئوخشاش ئاستا-ئاستا تۆۋەنگە ساڭگىلاپ چۈشىدۇ. بىز ئۇنى «ۋارونكىسىمان بۇلۇت» دەيمىز.




ۋارونكىسىمان بۇلۇت يەرگە تەگسىلا قارا قۇيۇنغا ئايلىنىدۇ.

تەيفېڭ بورىنى خۇددى نۇرغا ئوخشاش بىر تەرەپتىن سائەت ستىرېلكىسىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى ئايلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرىلەيدۇ.

تەلۋە تەيفېڭ بورىنى قۇرۇقلۇققا قاراپ ئېتىلىپ كېلىدۇ.

تەيفېڭ بورىنىنىڭ كۆزى

تەيفېڭ بورىنى

دولقۇن ئۆرۈۋەتكەن كېمە

تەيفېڭ بورىنى قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، ئۆيلەرنى ئۆرۈۋېتىدۇ، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالىدۇ.

## تەيفېڭ بورىنى

تروپىك بەلۋاغ دېڭىز-ئوكيانلىرىنىڭ ئۈستىنكى قىسمىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا بەزىدە كۈچلۈك شامال قايىنىمى پەيدا بولىدۇ، بۇ تەيفېڭ بورىنى دەپ ئاتىلىدۇ. تەيفېڭ بورىنىنىڭ مەركىزىنىڭ شامال كۈچى 12 بالدىن يۇقىرى بولغاچقا، بۇزغۇنچىلىق كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا دەرەخلەرنى ئۆرۈۋېتەلەيدۇ، ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىنى چۇۋۇۋېتەلەيدۇ ھەم كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن تەيفېڭ بورىنى ياز پەسلىدە شەرقىي جەنۇب رايونلىرىغا يامغۇر سۈيى ئېلىپ كېلىپ قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.





ئېيىق قىشلىق
ئۇيقۇدا



## قىش

ھەر يىلى 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايغىچە، قۇياش شىمالىي يېرىم شارغا يانتۇ چۈشكەچكە، شىمالىي يېرىم شار ئىگە بولىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى ھەممىدىن ئاز بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ پەسىلدە شىمالىي يېرىم شاردا ھاۋا سوغۇق، تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ. جەنۇبىي يېرىم شارغا قۇياش نۇرى تىك چۈشكەچكە، ئېرىشىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا بۇ پەسىلدە جەنۇبىي يېرىم شاردا ھاۋا ئەڭ ئىسسىق بولىدۇ.

### باھاردا ھەممە مەۋجۇداتلار ئويغىنىدۇ

باھار — يىل بېشى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ بىخلىنىدىغان پەسلى، مېتېئورولوگلار بىر قىسىم تەبىئىي شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، مەسىلەن: دەريالارنىڭ مۇز قېتىشى، مەجنۇنتاللارنىڭ كۆكلىشى، ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىشى، قارلىغاچنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى خاتىرىلەپ ۋە ئانالىز قىلىپ، ھەمدە دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسلىنىپ، باھار پەسلىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتتى يەنى ئۇدا بەش كۈن كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃ تىن 22℃ قىچە بولغان كۈنلەرنى باھار پەسلى دەيمىز، دەپ بېكىتتى.



يالىڭاچ ماگنولىيە دەرىخىنىڭ گۈل ئېچىشى باھار كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## باھار (ئەتىياز)



ئەتىيازدا ھاۋا ئىللىق بولسىمۇ، لېكىن تېمپېراتۇرا ئىنتايىن تۇراقسىز بولىدۇ. بەزىدە يامغۇر يېغىپ، بەزىدە قاتتىق شامال چىقىپ، ھاۋادا شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.



قارلىغاچ — پەسىل قۇشى، ئۇ باھاردا شىمالىي يېرىم شارغا ئۇچۇپ كېلىدۇ.

## تۆت پەسىل كىلىماتى

**يەر شارى بەدىنىنى يانتۇ قىلىپ قۇياش ئەتراپىنى ئايلانغاچقا، بىز بىر يىل ئىچىدە ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزەلەيمىز ھەمدە توختىماستىن تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق ئۆزگىرىشنى ھېس قىلالايمىز.**

كۈن

### پىژ ـ پىژ ئىسسىق ياز

ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھاۋا ئىسسىق بولىدۇ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 22℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ. پىژغىرىم ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە كىشىلەر دىمىقتىن بىئاراملىق ھېس قىلىشىدۇ. لېكىن بۇ ھەر خىل زىرائەتلەر كۆكلەپ ئۆسىدىغان پەسىل بولغاچقا، زېمىن يېشىللىققا پۈركۈنۈپ ھەممە جاي جانلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەلكۈن ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىمۇ كۆپلەپ يۈز بېرىدۇ.




جاۋاب: ياق

## قەھرىتان سوغۇق

قىش پەسلى بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ سوغۇق پەسىل بولۇپ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10°C تىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، زېمىن كۆزۈمسىزلىشىپ، دەل-دەرەخلەر غازاڭ بولىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلار مۇز بىلەن قاپلىنىدۇ. بىراق ئۇشۇنداق قار يېغىپ تۇرغان، مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن دۇنياغا پەقەت قايىنام-تاشقىنلىقتا چوڭگەن ئەتىياز پەسلى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.



كۆپلىگەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن كۈز پەسلىدە ھوسۇل ئېلىنىدۇ.

قۇتۇپ رايونىغا قۇياش نۇرى يانتۇ چۈشكەچكە، قۇياشتىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى ئاز بولىدۇ. شۇڭا بۇ جايلاردا پەقەت قىشلا بولىدۇ.




ئېكۋاتورنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا قۇياش نۇرى تىك چۈشكەچكە، قۇياشتىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى كۆپ بولىدۇ.

ئېكۋاتورنىڭ ئەتراپىدا پەقەت يازلا بولىدۇ.

ھەر يىلى 3-ئايدىن 5-ئايغىچە ۋە 9-ئايدىن 11-ئايغىچە قۇياش نۇرى ئېكۋاتور ئەتراپىدىكى رايونلارغا تىك چۈشۈپ، شىمالىي يېرىم شار بىلەن جەنۇبىي يېرىم شارنىڭ ئېرىشكەن ئىسسىقلىقى ئاساسەن تەڭ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىمالىي يېرىم شار بىلەن جەنۇبىي يېرىم شارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە پۈتۈن بىر يىل ئىچىدە سوغۇقمۇ بولمايدىغان، ئىسسىقمۇ بولمايدىغان پەسىل بولىدۇ.




## سالقىن كۈز

كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ 22°C تىن تۆۋەن 10°C تىن يۇقىرى بولۇشى كۈزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. كۈز مول ھوسۇل ئالىدىغان پەسىل، رەڭگارەڭ پەسىل، بۇ پەسىلدە ھاۋا سالقىن، بۇلۇتسىز بولىدۇ. كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىمالنىڭ سوغۇق ھاۋاسى جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ، دائىم دېگۈدەك سوغۇق ئېقىمنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە ئۈششۈك ئاپىتىنى پەيدا قىلىدۇ.



ھەر يىلى 6-ئايدىن 8-ئايغىچە، قۇياش نۇرى شىمالىي يېرىم شارغا تىك چۈشكەچكە، شىمالىي يېرىم شار ئىگە بولىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى كۆپ، تېمپېراتۇرا يۇقىرى، ھاۋا ئىسسىق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىمالىي يېرىم شاردا ياز پەسلى، جەنۇبىي يېرىم شاردا قىش پەسلى بولىدۇ.

نۇرغۇن گۈللەر يازدا ئېچىلىدۇ.






ئەتىيازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تېمپېراتۇرا 22°C تىن يۇقىرى بولسا، بۇ يازنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟



## 24 مەۋسۇم

دۆلىتىمىز ئەمگەكچى خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا، دېھقانچىلىق ۋاقتىغا خىلاپلىق قىلماي، ياخشى ھوسۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن دېھقانلار كالېندارىنى يەنى 24 مەۋسۇمنى خۇلاسىلەپ تۈزۈپ چىقتى.




### ئەتياز پەسلىدىكى مەۋسۇم

ھەر يىلى 2-ئاينىڭ 4-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە باش باھار كىرىدۇ، ئۇ قىش پەسلىنىڭ ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگىز سۈيى، جاندارلارنىڭ ئويغىنىشى، ئەتيازلىق كۈن-تۈن تەڭلىكى، چوكانتال، قىزىلكوس كىرىپ تېمپېراتۇرا تەدرىجىي ئۆرلەيدۇ.

### ياز پەسلىدىكى مەۋسۇم

ھەر يىلى 5-ئاينىڭ 6-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە باش ياز كىرىدۇ، ئۇ ئەتياز ئۆتۈپ كېتىپ، يازنىڭ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەرەتان ئىسسىقى، ئورما ۋاقتى، يازلىق كۈن-تۈن توختىشى، باش تومۇز، تومۇز كىرىدۇ، تومۇز بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق پەسىلدۇر.

جاۋاب: B

### قىش پەسلىدىكى مەۋسۇم

11-ئاينىڭ 7-كۈنى ياكى 8-كۈنى باش قىش كىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىرىق قار، ئاق قار، قىشلىق كۈن-تۈن توختىشى، دەلۋىدىۋانە، قاپاق يارىدى كىرىدۇ. قاپاق يارىدى بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ سوغۇق ۋاقىتتۇر.

باش قىش: كۈز ئاخىرلىشىپ قىش كىرىدۇ.

قىرو ئۇششۇكى: قىرو چۈشۈشكە باشلايدۇ.

سوغۇق شەبنەم: ھاۋا سوۋۇپ شەبنەم چۈشىدۇ.

كۈزلۈك كۈن-تۈن تەڭلىكى: كېچە-كۈندۈز تەڭلىشىدۇ، كۈز پەسلىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

ئاق شەبنەم: ھاۋا بارا-بارا سوۋۇپ شەبنەم چۈشىدۇ.

كۈزگى تىرەم: كۈز ئاخىرلىشىش دېگەن مەنىدە.

باش كۈز: ياز پەسلى ئاخىرلىشىپ كۈز پەسلى يېتىپ كېلىدۇ.

تومۇز: ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كېتىدۇ، بۇ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ۋاقىتتۇر.

ئاق قار: قار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، يەر يۈزىدە دائىم قارلار دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

سىرىق قار: قار يېغىشقا باشلايدۇ.

قىشلىق كۈن-تۈن توختىشى: بۇ كۈندە كۈندۈز ئەڭ قىسقا بولىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي قەھرىتان سوغۇق باشلىنىدۇ. كۈندۈز [illegible] ئۇزىراشقا [illegible]

11-ئاينىڭ 22 - كۈنى ياكى 23-كۈنى

12-ئاينىڭ 7-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

12-ئاينىڭ 21-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

11-ئاينىڭ 7-كۈنى ياكى 8-كۈنى

10-ئاينىڭ 23-كۈنى ياكى 24-كۈنى

10-ئاينىڭ 8-كۈنى ياكى 9-كۈنى

9-ئاينىڭ 23-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

9-ئاينىڭ 8-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

8-ئاينىڭ 23-كۈنىنىڭ ئالدى كەينىدە

8-ئاينىڭ 8-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

7-ئاينىڭ 23-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

7-ئاينىڭ 7-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

6-ئاينىڭ 21-كۈنى ياكى 22-كۈنى

6-ئاينىڭ 6-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە

24 مەۋسۇم ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشنى ئىبارەت تۆت پەسىلدە بىر دەۋر قىلىدۇ. بۇ يەرشارىنىڭ قۇياشنى بىر ئايلىنىشى بىلەن تەڭ. بۇ ھالى بىر يىلدا قىش كېتىپ ياز كېلىدىغانلىقىنى. ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۈزلۈك كۈن-تۈن تەڭلەشكەندە قۇياش نۇرى ئېكۋاتورغا تىك چۈشىدۇ.

كۈن



باش ئەتىياز كىرگەن كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى بويىچە نېمە يېيىش كېرەكلىكىنى بىلەمسىز؟

A. زوڭزا

B. قازان قوتۇرمىچى

C. جوۋاۋا

باش تومۇز: يازلىق كۈن-تۈن توختىشىدىن كېيىن ھاۋا ئىسسىشقا باشلايدۇ.

ئورما ۋاقتى: بۇغداي قاتارلىق يازدا ئورۇلىدىغان زىرائەتلەر پىشقاندا، ھوسۇلنى يىغىۋېلىش ئىشلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. يازدا تېرىلىپ كۈزدە ھوسۇل ئېلىنىدىغان زىرائەتلەر تېرىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىت دېھقانلارنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىراش پەسلى ھېسابلىنىدۇ.

يازلىق كۈن-تۈن توختىشى: بۇ كۈنى كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي تومۇز باشلىنىپ، كۈندۈز بارا-بارا قىسقىرايدۇ.

### كۈز پەسلىدىكى مەۋسۇم

8-ئاينىڭ 8-كۈنىنىڭ ئالدى كەينىدە باش كۈز كىرىدۇ، ئۇ كۈزنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈزگى تىرەم، ئاق شەبنەم، كۈزلۈك كۈن-تۈن تەڭلىكى، سوغۇق شەبنەم ۋە قىرو ئۇششۇكى كىرىدۇ. ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇشقا باشلايدۇ.

# هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات

بىز ھەر كۈنى رادىئو ـ تېلېۋىزور، گېزىتتىن ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇماتقا قاراپ، بۈگۈن قانداق كىيىم كىيىدىغانلىقىمىزنى، سىرتقا چىققاندا يامغۇرلۇق ئېلىش ـ ئالماسلىقىمىزنى بەلگىلەيمىز. بۇ جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ هاۋارايى ئۇچۇرلىرىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.




## هاۋارايىنى كۆزىتىش

هاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. هاۋارايى سۈنئىي ھەمراھى، هاۋارايى رادارى، ئېگىز بوشلۇقتا هاۋارايىنى كۆزىتىش، يەر يۈزىدە هاۋارايىنى كۆزىتىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، يەر شارى هاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەر ۋاقىت كۆزەتكىلى بولىدۇ. مېتېئورولوگلار ئۆزلىرى كۆزەتكەن ھەرخىل سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، بىزگە كەلگۈسىدىكى هاۋارايى ئەھۋالىدىن دەل ۋاقتىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ.

## هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەلگىلىرى

تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردە بېرىلگەن هاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇماتتا، ھەرخىل هاۋارايى بەلگىلىرى بار بولۇپ، ھەرخىل هاۋارايى ھادىسىلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. ھەربىر بەلگە بىر خىل هاۋاغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، كىشىلەر بۇ بەلگىلەرنى كۆرۈپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ كەلگۈسىدىكى هاۋارايى ئەھۋالىنى بىلەلەيدۇ.

جاۋاب: A. قۇم بوران B. بۇلۇتلۇق C. ئوتتۇرا ھال يامغۇر D. يامغۇر ئارىلاش قار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com









## ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات ماقال - تەمسىللىرى

ھاۋارايى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئۇزۇن مەزگىل كۆزىتىش ئارقىلىق ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر، شەيئىلەرنىڭ ھالىتىگە قاراپ ھاۋارايىنى مۆلچەرلەيدىغان نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەرنى توپلىغان.

تەيفېڭ بورىنى، قارا يامغۇر قاتارلىق ھاۋارايى ئاپەتلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن ئالدىن مەلۇمات بىلەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

شامال، قىرو، يامغۇر، قار قاتارلىق ھاۋارايى ھادىسىلىرى ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشى، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى ۋە قونۇشى قاتارلىقلارغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بەزىدە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، ھەربىي ھەرىكەت قاتارلىقلارمۇ ھاۋارايىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.




| |
|---|
| ئادەتتىكىدەك IV |
| بىر قەدەر ئېغىر III |
| ئېغىر II |
| ئىنتايىن ئېغىر I |




## ھاۋارايىدىن ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈش سىگنالى

دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەتلىك مېتېئورولوگىيە مەركىزى 11 خىل ھاۋارايى ئاپىتى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئېلان قىلىشنى بەلگىلىدى، بۇلار تەيفېڭ بورىنى، قارا يامغۇر، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، سوغۇق ئېقىم، تۇمان، قۇم بورانلىق شامال، گۈلدۈرماما يامغۇرلۇق كۈچلۈك شامال، كۈچلۈك بوران، مۆلدۈر، قار ئاپىتى ۋە يوللارغا مۇز توڭلاپ كېتىش قاتارلىقلار. ئالدىن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ئاپەتنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ۋە جىددىيلىك دەرىجىسىگە قاراپ، رەڭگى تەرتىپ بويىچە كۆك، سېرىق، قىزغۇچ، قىزىلدىن ئىبارەت تۆت رەڭگە ئايرىلىدۇ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئادەتتىكىدەك، بىر قەدەر ئېغىر، ئېغىر، ئىنتايىن ئېغىرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قۇياشنىڭ بېشى قايسا يامغۇر ياغىدۇ، ئاينىڭ بېشى قايسا چۈشتە بوران چىقىدۇ.



سۇ ئىدىشىنىڭ سىرتىدا نۇرغۇن سۇ تامچىلىرى بار.

سۇ ئىدىشىغا «كۆكلەك» كىيدۈرۈلسە يامغۇر ياغىدۇ



ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى تارقىتىشنىڭ يولى كۆپ خىل بولىدۇ، مەسىلەن: تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ياكى رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا ئاڭلىتىش بېرىش، ئىنتېرنېت، يانفون قىسقا ئۇچۇرى، ئېلېكترونلۇق ئېلان تاختىسى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىش.

چۈمۈلىلەر ئۆي كۆچكەندە يامغۇر ياغىدۇ.

# تەبىئىي ئاپەتلەر

يەر شارىغا مول تەبىئىي بايلىقلار يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تەيفېڭ بورىنى پەيدا قىلغان قارا يامغۇر، ئۇزۇن مەزگىل ياغقان يامغۇر پەيدا قىلغان كەلكۈن ئاپىتى، ئۇزۇن مەزگىل ئۇدا يامغۇر ياغماسلىقتىن پەيدا بولغان قۇرغاقچىلىق، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا يەر تەۋرەش ۋە يانار تاغ ھەرىكىتى پەيدا قىلغان دېڭىز تاشقىنى قاتارلىق ئاپەتلەر نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يارىلىنىشى ۋە ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.





## قۇرغاقچىلىق ئاپىتى

مەلۇم بىر رايوندا ئۇزۇن مەزگىلگىچە يامغۇر ياغمىسا، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇزۇن مەزگىللىك قۇرغاقچىلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، سولۇشۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئاشلىقنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. يەنە ئورمان ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىدۇ. ئۇزۇن مەزگىللىك قۇرغاقچىلىق يەنە شەھەرلەردە سۇ يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

قۇرغاق ئىسسىق ھاۋا ئورمان ئوت ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە قۇرغاقچىلىق، چېكەتكە ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

شەھەرلەردىكى سۇ يېتىشمەسلىك كۈندىلىك تۇرمۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.



ئىنسانلار مۇھىتنى قوغداپ، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتىشى كېرەك.



ئېغىر دەرىجىدە سۇ يېتىشمەسلىك يەرلەرنىڭ قۇرۇپ يېرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### دۆلىتىمىزدە قايسى رايونلاردا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىدۇ؟

دۆلىتىمىز دۇنيا بويىچە كەلكۈن ئاپىتى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان دۆلەت. كەلكۈن ئاپىتى ئاساسلىقى شەرقىي قىسىمدىكى جۇجياڭ دەرياسى، چاڭجياڭ دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى، خۇاڭخې دەرياسى، خەيخې دەرياسى، لياۋخې دەرياسى، سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى قاتارلىق 7 چوڭ دەريا ۋە ئۇلارنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن. كەلكۈن ئاپىتىنىڭ كۆپ قىسمى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە يۈز بېرىدىغان بولۇپ، 5 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس، 5 مىليون مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر، 100دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، چوڭ تىپتىكى شەھەر كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ.

## دېڭىز تاشقىنى

دېڭىز-ئوكيانلاردا كۈچلۈك يەر تەۋرىگەندە ياكى يانار تاغ پارتلىغاندا، كۈچلۈك بوران چىقىپ كۆچىگە ئىگە بولغان دېڭىز دولقۇنى ھەرىكىتى يەنى دېڭىز تاشقىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېڭىز تاشقىنىنى پەيدا قىلىدىغان دولقۇننىڭ ئېگىزلىكى ئون مېترغا يېتىدۇ. شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنى قورۇقلۇققا ئۇرۇلغاندا، قورۇقلۇقتىكى دەل-دەرەخ، ئۆي ۋە ھاياتلىقنى يوقتۇپ كېتىدۇ ۋە ھاياتلىق، مال-مۈلۈك قاتارلىقلارنى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

2004-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ھىندى ئوكيان دېڭىز رايونىدا دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قانچە دۆلەتتە ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلدى، بۇ قېتىملىق ئاپەتتە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.


دېڭىز تاشقىنىدىن كېيىن

يەر تەۋرەش دېڭىز تاشقىنىنى پەيدا قىلىدۇ


ئۇدا ياغقان قارا يامغۇردا شەھەر يوللىرىدىكى سۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتەلمىگەچكە، يول ۋە ئۆيلەرگە سۇ يىغىلىپ قېلىپ، شەھەرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

سىرتلاردا ساياھەت قىلىش جەريانىدا، دېڭىز قىرغىقىدا يەر تەۋرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا ياكى دېڭىز سۈيى ئورنىنىڭ تېزدىن تۆۋەنلەپ، دېڭىز يۈزىدە سۇ كۆپۈكچىلىرى پەيدا بولغانلىقىنى بايقىغان ۋاقىتتا، دەرھال دېڭىزدىن ئايرىلىپ، بىخەتەر، ئېگىز جايغا چىقىپ پاناھلىنىش كېرەك.






## كەلكۈن

ئۇدا ياغقان قارا يامغۇر دەريا ۋە كۆللەرنىڭ سۇ ئورنىنى جىددىي ئۆرلىتىپ، كەلكۈن ئاپىتىنى پەيدا قىلىدۇ. دەريا ۋە كۆللەرنىڭ بويلىرى ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى زىچ جايلاشقان رايون بولغاچقا، بۇ رايونلار كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئاسان ئۇچرايدۇ.

قارا يامغۇر تاغ كەلكۈنى، دەريالارنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئېتىزلارنى يوقتۇپ كېتىدۇ. تېخىمۇ ئېغىرراق ياغقان قارا يامغۇر ھەتتا سۇ ئامبارلىرىنى بۇزۇپ، شەھەر ۋە يېزىلارنى يوقتۇپ كېتىدۇ.

# كىيىم تىكىش

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كىيىم كىيىدۇ، ئۇنداقتا كىيىم نەدىن كېلىدۇ؟ كىشىلەر ھەرخىل تالالاردىن رەخت توقۇپ، بوياپ، ئاندىن چوڭ ـ كىچىك قىلىپ مۇۋاپىق پاسوندا كېسىپ، كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا تىكىش ئارقىلىق كىيىم ـ كېچەكنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## ئىپتىدائىي كىيىم ـ كېچەك

ىىراق قەدىمكى زاماندا كىشىلەر كىيىم كىيىشنى بىلمىگەچكە، يالىڭاچ يۈرەتتى. كېيىن تەدرىجىي ئوت ـ چۆپ، دەرەخ يوپۇرمىقى ياكى ھايۋانات تېرىلىرىدىن پايدىلىنىپ سوغۇق ۋە خىيىم ـ خەتەردىن ساقلىنىشنى بىلدى. ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى كىيىم ـ كېچىكى مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن.






قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر ۋە قەدىمكى رىملىقلار ئۇزۇن چاپىنىنىڭ بەزىلىرىنى تىكمەيدۇ، ئۇلار چوڭ بىر پارچە رەختنى بەدىنىگە ئوراپ بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالىدۇ.




رەخت پەسكە تەبىئىي ساڭگىلاپ نۇرغۇن قاتلاقلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۆرۈش يىپ بىلەن ئارقاق يىپنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ چىگىش ئارقىلىق رەخت توقۇلىدۇ.

## يىپ ئېگىرىش ۋە رەخت توقۇش

بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە يىپ ئېگىرىش ۋە رەخت توقۇشنى كەشىپ قىلغان. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ يۇڭى ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تالالىرىنى يىپ قىلىپ ئېگىرىپ، رەخت توقۇپ كىيىم ـ كېچەك تىككەن. مانا بۇ ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى.



هايۋانات يۇڭىدىن يىپ ئېگىرىش



مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ موم بىلەن گۈل بېسىشى دۇنياغا داڭلىق.

## بوياش ۋە گۈل بېسىش

توقۇلما بۇيۇملارنىڭ توقۇلۇپ ئاق رەڭدە بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاق توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل رەڭ بېرىش ياكى گۈل چېكىش، بوياش ۋە گۈل بېسىش دېيىلىدۇ. بوياش ۋە گۈل بېسىش ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكىنى تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان.

BCDA :جاۋاب




## كىيىم تىكىش

يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ، پارچە-پارچە رەختلەردىن كىيىم تىكىشكە بولىدۇ. كىشىلەر ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغان. كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئارقىلىق كىيىم تىككەندە، قولدا تىككەنگە قارىغاندا ئالاھىدە تېز بولىدۇ.




كىيىم تىكىش ماشىنىسى تەخمىنەن 170 يىل ئىلگىرى كەشىپ قىلىنغان، ئەڭ بۇرۇنقى كىيىم تىكىش ماشىنىسى پۇت ياكى قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى.

زامانىۋى ئاپتوماتىك كىيىم تىكىش سېخىدا كىيىم-كېچەك بەلگىلىك ئىش تەرتىپى بويىچە تېزدىن تىكىپ چىقىرىلىدۇ. لېكىن ئالىي دەرىجىلىك خاسلىققا ئىگە كىيىم-كېچەكلەر يەنىلا قولدا تىكىلىدۇ.



كىيىم-كېچەكنىڭ قانداق تىكىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ تۆۋەندىكىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇڭ






www.uyghurkitap.com

# كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى

ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى رەڭدار، ئۆزگىرىشچان، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرى بارغانسېرى ئىخچاملاشماقتا، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى ۋە ئازادىلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلمەكتە.



كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى زىياپەت سورۇنلىرى، خىزمەت ۋە تۇغقان يوقلاشقا كىيىدىغان مۇراسىم كىيىمى قىلىشقا بولىدۇ.

## كاستۇم ـ بۇرۇلكا

ئەرلەر كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىسا سالاپەتلىك، مەردانە، روھلۇق كۆرۈنىدۇ. كاستۇم ـ بۇرۇلكا ئەسلىدە ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىمى بولۇپ، دۇنيادا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ كۆپ كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەكنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بەزىدە رەسمىي سورۇنلاردا ئاياللارمۇ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيسە سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ.

گالستۇك كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەندە بويىنغا چىگىدىغان زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، رەڭگى ۋە نۇسخىسى خىلمۇ خىل، ئىنتايىن رەڭدار كېلىدۇ.



19 ـ ئەسىردە، ئەرلەر ئالاھىدە پائالىيەتكە ۋە زىياپەتكە قاتناشقاندا دائىم فىراك (ئالدى ئېتىكى كالتە، ئارقا ئېتىكى قارلىغاچ قويرۇقى شەكلىدىكى كىيىم) كىيەتتى.

فىراك ھارۋىكەشلەرنىڭ كىيىمىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئارقا تەرىپىگە چەك قويۇلغاچقا، قارلىغاچ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ.



ئالاھىدە ئۇسلۇبتىكى قىسقا يەڭ مايكا

قىسقا يەڭ مايكىلىك كۆپىنچىسى ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىدىن توقۇلىدۇ. كىيگەندە ئىنتايىن راھەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دائىملىق كىيىمى ھېسابلىنىدۇ.



جۇڭشەن فورمىسىنى كىم لايىھىلىگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

جاۋاب: سۇن جۇڭشەن

www.uyghurkitap.com

هاۋىكەش هارۋا ھەيدەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، چاپىنىنىڭ كەينىگە بىر چەك قويۇپ قويىدۇ.

## ئۈزۈن كۆڭلەك

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس چىرايلىق كۆڭلىكى بولىدۇ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ كىيىدىغان كىيىمدۇر، قەدىمكى زاماندىكى كۆڭلەكلەر كۆپىنچە پۈرمىلىك بولۇپ، يول ماڭغاندا دولقۇنلىنىپ تۇراتتى.



چاقماق كاتەكچە كۆڭلەك شوتلاندىيە ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى



ئۇزۇن كۆڭلەكنىڭ ئىچىدە كۆپتۈرگۈچ تىرەك بولۇپ، كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىككى-ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى، ياۋروپالىق ئاياللار دائىم بۇ خىل كۆپتۈرمە كۆڭلەكنى كىيەتتى.

مەملىكىتىمىزنىڭ يېپەكلىرىدىن توقۇلغان ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك

پادىچىلار كىيىمىنى كىيسە، شۇنچە ئازادە، ئەركىن كۆرۈنىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلىكى (چىپاۋ)نى كىيگەندە ئاياللار نازۇك، ئەۋرىشىم كۆرۈنىدۇ.

## پادىچىلار كىيىمى

پادىچىلار ئىشتىنى ئامېرىكىدا ئەڭ بۇرۇن غەربىي قىسمىدىكى كان ئىشچىلىرى كىيىدىغان، سۈركىلىشكە چىداملىق ئىشتان بولۇپ، كېيىن ئۇنى پادىچىلار ياقتۇرۇپ كىيىپلا قالماستىن، بەلكى ياشلارمۇ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ مودا كىيىم-كېچەككە ئايلاندى.

## جۇڭگونىڭ ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلىكى

جۇڭگونىڭ ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلىكى جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مانجۇلار كىيىم-كېچىكىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇپ، ھازىر جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئاياللار كىيىمىگە ئايلاندى ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىشىگە مۇيەسسەر بولدى.

# ئاياغ، باش كىيىم ۋە زىبۇ زىننەت

ئىنسانلار كىيىم ـ كېچەكنى ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئاياغ، باش كىيىم ۋە پايپاقلارنىمۇ ئىجاد قىلىپ. باش ۋە پۇتنى قوغدىغان. كىيىم ـ كېچەكنىڭ تېخىمۇ ئەمەلىي، قولايلىق ، چىرايلىق بولۇشى ئۈچۈن، يەنە كىيىم ـ كېچەككە ماسلاشتۇرۇلىدىغان نۇرغۇنلىغان بۇيۇملارنى، مەسىلەن تۈگمە، سىيرتما ۋە مۇرە يوپۇق قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلغان.



روژدېستۋو بايرىمىدا كىيىدىغان زىننەت باش كىيىمى

## باش كىيىم

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى باش كىيىمنى ئاپتاپتىن، يامغۇردىن ۋە سوغۇقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن كىيگەن. كېيىن زىننەتلەش رولىنى ئوينىغاچقا، كىيىم ـ كېچەككە ماسلاشتۇرۇپ ئوخشىمىغان باش كىيىمنى كىيگەن. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باش كىيىم نۇسخىسى ئوخشىمايدۇ. ئىنۇئىتلار تېرە قالپاق كىيىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكىلەر چىغ قالپاق كىيىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ جاينىڭ كىلىماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.



مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قۇياش ۋە يامغۇردىن دالدىلىنىدىغان چىغ قالپىقى.



تۇجيا مىللىتى ئەرلىرىنىڭ باش كىيىمى



مۇراسىم قالپىقى

ھەر خىل رەڭدىكى يۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان باش كىيىم.

ئايىغىڭىزنى ئۆرۈپ چەمگە قارىسىڭىز، نۇرغۇنلىغان سىزىقچىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيسىز، سىزنىڭچە بۇ سىزىقچىلار نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟



A چىرايلىقكەن

B تېيىلىشتىن ساقلىنىش



ھازىرقى زاماندىكى ئاياللارچە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك.



چىڭ سۇلالىسىدىكى خانىشلار كىيگەن گۈللۈك كەش.



مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىكى ئەرەنچە لاتا كەش.

جاۋاب: B



ئۈستىگە تارتسا كىيىم ئېتىلىدۇ،
ئاستىغا تارتسا كىيىم ئېچىلىدۇ.

دېۋىرقاي تۈگمە

مېتال تۈگمە

خۇرۇم تۈگمە

«جىنس»لىرى چىشلىنىدۇ.



مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللۈك چەملىك ئاق پايپىقى

ئورگانىك ئەينەك تۈگمە

ياغاچ تۈگمە

رەختتىن ئىشلەنگەن تۈگمە، كۆپىنچە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

## پايپاق

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە پايپاق «پۇت كىيىمى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ كەندىر، يىپەك قاتارلىقلاردىن ئىشلىنەتتى. رىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پايپاق ئىنچىكە لىنتىسىمان بولۇپ، پۇت ۋە ئوشۇققا ئورىلاتتى. 400 يىللار ئىلگىرى، ئەنگلىيىلىكلەر پايپاق توقۇش ماشىنىسىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، كىشىلەر شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلمە توقۇلما پايپاقنى كىيىشكە باشلىغان. ھازىرقى زاماندىكى ئىلمە توقۇلما پايپاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سوغۇقتىن ساقلىنىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن ياخشى زىننەت بويۇمى ھېسابلىنىدۇ.



ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەندە ئۇزۇن ئىشتان پايپاقنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىشكە بولىدۇ.

نىلون پايپاق

## تۈگمە ۋە سىيرىتما

قەدىمكى دەۋردە، كىشىلەرنىڭ كىيىمى بەلۋاغ بىلەن باغلىناتتى. كېيىن كىشىلەر تۈگمىنى ئىجاد قىلىپ، تۈگمىنى كىيىمنىڭ ئالدى پېشى، يەڭ ئۇچى ۋە كىيىمنىڭ ياقىسىغا قاراپ، كىيىم تۈگمە بىلەن ئېتىلىدىغان بولدى. كېيىن يەنە، سىيرىتمىنى ئىجاد قىلىپ، كىيىمنى سىيرىتما بىلەن ئېتىلىدىغان بولدى. بۇ تۈگمىگە قارىغاندا كۆپ قولايلىق.

## ئاياغ

قەدىمكى دەۋرلەردە كىشىلەر يالاڭ ئاياغ يول يۈرەتتى. كېيىن تەدرىجىي شال پاخلى ۋە ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئاياغ تىكىپ، پۇتنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلاشنى بىلىۋالدى. ھازىرقى زاماندا ئاياغلارنىڭ نۇسخىلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ھازىر ئاياغلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماستىن بەلكى كىيىم-كېچەككە ماسلاشتۇرۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. ئۇ ئالاھىدە گۈزەللىك زىننەت بويۇمى رولىنى ئوينىماقتا.



باللار ئايىغى



تەنھەرىكەت ئايىغى





ساندال





بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئوۋ مەھسۇلاتلىرىنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېگەندە خام يېگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ يېيىشلىك ھەم تېخىمۇ ئاسان ھەزىم بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

## كاۋاپ

ئوۋلاپ كەلگەن چارۋىلارنىڭ گۆشلىرىنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇش كاۋاپ دېيىلىدۇ. بۇ ئەڭ دەسلەپتىكى تەم تەڭشەش ئۇسۇلىدۇر. ھازىر نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كاۋاپ تەملىرى بار. بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپى، شىنجاڭنىڭ قوي گۆشى كاۋىپى، كورىيە كاۋىپى ۋە برازىلىيە كاۋىپى قاتارلىقلارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېتىشقا بولىدۇ.

## تاماق ئېتىش

ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن كېيىن، پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېيەلىگەن. ئەڭ دەسلەپتە بىۋاستە ئوتقا قاقلاپ يېگەن، كېيىن قازان-قومۇش ۋە ئوچاقلارنى ياساپ، سۇدا پىشۇرۇش، قورۇش، دۇملەش، مايدا پىشۇرۇش ۋە ھوردا پىشۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل تەم تەڭشەش ئۇسۇللىرىنى بەرپا قىلغان.



خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساپال ئوچاق.

### ئاشپەزلىك

ئاتا-ئانىمىز ھەر كۈنى ئائىلىدىكىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىدۇ. بۇ تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ئائىلە ئىشلىرىدۇر. ئاشپەزلىك تاماق ئېتىشنى ھۈنەر ۋە كەسىپ قىلغان بولۇپ، خېرىدارلارغا نۇرغۇنلىغان مەززىلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىدۇ.



سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇش

ئۇن، شېكەر ۋە تۇخۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ، دوخوپكىغا سېلىپ مەززىلىك تورت پىشۇرغىلى بولىدۇ.

يېمەكلىك خام ماتېرىياللىرىنى پىشۇرۇشنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللىرى بار، لېكىن يېمەكلىك تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقلارنىڭ بىر قىسمى پىشۇرۇش جەريانىدا زىيانغا ئۇچرايدۇ.



مايدا پىشۇرۇش



ھوردا دۇملەپ پىشۇرۇش



مايدا داغلاپ پىشۇرۇش



سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇش، ھوردا پىشۇرۇش ۋە دۇملەپ پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېمەكلىكنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقلارنى كۆپرەك ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرگە قارىغاندا، بالىلار، ياشانغانلار ۋە بىمارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

جاۋاب: A


دوخوپكا


مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق


توك قازان

## قازان - قومۇچ

ھازىر ئۈرغۈنلىغان ئائىلىلەردە كۆمۈرگازى ۋە تەبىئىي گازنى يېقىلغۇ قىلىپ تاماق ئېتىدۇ. ئاشخانىدا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئەسۋابلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، دوخوپكا، توك قازان، ماگنىتلىق ئوچاق، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق قاتارلىقلار. ئېلېكتر ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ تاماق ئەتكەندە ۋاقت تېجىلىپلا قالماستىن، ھەم پاكىز، ھەم قولايلىق بولىدۇ.


قىسىم بولمايدىغان قازان




A سۇدا پىشۇرۇش

*تۇخۇمنى قانداق پىشۇرغاندا ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ئەڭ كۆپ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟*


B مايدا پىشۇرۇش



قىزىق قازانغا مۇۋاپىق مىقداردا ماي قۇيۇپ، ھەرخىل خام ماتېرىياللارنى تەرتىپ بويىچە قازانغا سېلىپ تېزلىك بىلەن قورۇش ئارقىلىق بىر تەخسە سەي ھازىرلىنىدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى سەي قورۇش ئۇسۇلى.

سەي قورۇغاندا ئوتنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك.

بىر تەخسە سەي ماتېرىيال تاللاش، توغراش، قورۇش، تەم تەڭشەش ۋە زىننەتلەش قاتارلىق بەش باسقۇچ ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.






### گېرمانىيىنىڭ سۈرلەنگەن كالا گۆشى

گېرمانىيىنىڭ ئەڭ داڭلىق يېمەكلىكى چۇجۇق، قىزىل چۇجۇق ۋە سۈرلەنگەن كالا سېيىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار قەغەزدەك نېپىز كېسىلگەن بولۇپ، ئالاھىدە تەملىك، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ.

## مەززىلىك تائاملار دۇنياسى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر ئوخشىمىغان جايدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئېرىشىدىغان يېمەكلىك خام ماتېرىياللىرى ۋە پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمىغاچقا، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن.



گۆرۈچ، تۇخۇم، سۈرلەنگەن كالا گۆشى قاتارلىقلارنى پىشۇرۇپ، ئاندىن قىزىل دېڭىز يۇسۇنى يوپۇرمىقىغا ئۇلارنى ۋە كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى ئوراش ئارقىلىق شۇسى تۈرملى ياسىلىدۇ.

### خام بېلىق ياپراقچىسى ۋە شۇسى

خام بېلىق ياپراقچىسى ۋە شۇسى ياپونىيىنىڭ ئەڭ داڭلىق يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بېلىق گۆشىنى قەغەزدەك نېپىز يالپاقلاپ تەم تەڭشىگۈچكە چىلاپ يەيدۇ، تەمى ئىنتايىن مەززىلىك، شۇسىنىڭ خام ماتېرىيالى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، شۇسى تامىقى ۋە شۇسى تۈرملى ئېتشىكمۇ بولىدۇ.





شۇسى تامىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com










ئىسپانىيە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى تامىقى

## بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپى

بېيجىڭنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئۆردەك كاۋىپى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى داڭلىق سەيلىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ 300 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە، ئۇ بېيجىڭنىڭ تېنىيا ئۆردىكىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلغان بولۇپ، ياغاچ كۆمۈر ئوتىغا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ، يېگەندە ئۆردەك كاۋىپىنى ياپىلاقلاپ كېسىپ، غول پىياز ۋە تەرخەمەك بىلەن بىرلىكتە جىلىتىگە ئوراپ، تەم تەڭشىگۈچكە چىلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بېيجىڭنىڭ ئۆردەك كاۋىپىنىڭ تېرىسى چۇرۇك، گۆشى يۇمشاق بولۇپ، ئىنتايىن مەززىلىك.

## ئىتالىيەنىڭ پىسا قاتلىمىسى

ئىتالىيىنىڭ پىسا قاتلىمىسى ئىنتايىن تەملىك بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېتىشقا بولىدۇ. قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا سارماي، سۇرلەنگەن كالا سىيى ياپراقچىسى، مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى قوشۇپ پىشۇرۇش ئارقىلىق پىسا قاتلىمىسى ياسىلىدۇ.



## برازىلىيىنىڭ گۆش كاۋىپى

كالا گۆشى كاۋىپى برازىلىيىنىڭ دۆلەت سېيى ھېسابلىنىدۇ. خەلقلەرمۇ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. پىشۇرۇلغان كالا گۆشى كاۋىپىنىڭ تېشى قاتتىق، ئىچى يۇمران بولۇپ، ئىنتايىن مەززىلىك. يېگەندە پىچاق بىلەن كېسىپ تەخسىگە سېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كالا گۆشى كاۋىپىغا ئادەتتە تەم تەڭشىگۈچ قوشۇلماستىن، پەقەتلا ئۈستىگە ئازراق تۇز سېپىلىدۇ.



رەڭدار مەززىلىك تائاملار كىشلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ.





دالا خىزمىتى ياكى ساياھەتتە قولايلىق تېز تاماقلارنى ئېلىۋېلىشقا بولىدۇ.

### تېز تاماقلار

تېز تاماقلار سېتىلىشتىن بۇرۇن ھوردا دۇملەش، سۇدا پىشۇرۇش، مايدا پىشۇرۇش ياكى تېز توڭلىتىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان يېمەكلىكلەر بولۇپ، كىشىلەر سېتىۋالغاندىن كېيىن ئاددىي پىششىقلاش ئارقىلىقلا يېسە بولىدۇ، دېمەك، تاماق ئېتىش ۋاقتىنى تېجەيدۇ.

## تېز تاماقلار

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ھەر كۈنى تاماق ئېتىش ۋە تاماق يېيىشكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقىت بارغانسېرى ئازايماقتا، شۇنىڭ بىلەن قولايلىق ، تېز تائاملار بارلىققا كەلدى. دالا خىزمىتى ياكى ساياھەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر دائىم تېز تاماقخانىغىلا كىرىدۇ.




چۇجۇق

دېڭىز-ئوكيانلاردىن تۇتۇلغان بېلىقتىن بېلىق كونسېرۋاسى ئىشلەنگەندە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ساقلىغىلى بولىدۇ.

بېلىق كونسېرۋاسىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېغىزىنى ئېچىپلا ئىچىشكە بولىدۇ.




تېز توڭلىتىلغان چۆچۈرىنى قايناقسۇدا پىشۇرۇپلا يېيىشكە بولىدۇ.




ئۈماچ كونسېرۋاسىنى ئاغزىنى ئېچىپلا ئىچىشكە بولىدۇ.

### تەييار چۆپ

تەييار چۆپنى ياپونىيلىكلەر كەشىپ قىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئومۇملاشتى. ئىشچىلار يېمەكلىك زاۋۇتىدا بېسىپ تەييارلىغان چۆپنى پىشۇرۇپ قورۇتقاندىن كېيىن، تەم تەڭشىگۈچ بىلەن بىرلىكتە خالتىغا ياكى قاچىغا قاچىلايدۇ. كىشىلەر سېتىۋالغاندىن كېيىن قايناقسۇغا دۇملەپلا ئىستېمال قىلسا بولىدۇ، ئىنتايىن قولايلىق.



تەييار چۆپنى قايناقسۇغا دۇملەپلا ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.





تەييار چۆپنىڭ تەم تەڭشىگۈچلىرى.

### يېمەكلىك خۇرۇچلىرى

تېز تاماقلارنى بەلگىلىك ۋاقىت ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېمەكلىك خۇرۇچلىرى قوشۇلىدۇ. بەزى خۇرۇچلار يېمەكلىكنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ، يەنە بەزى خۇرۇچلار زىيانلىق باكتېرىيەلەرنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش ۋە يېمەكلىكنىڭ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ. بىراق خۇرۇچ قوشۇلغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سالامەتلىككە زىيانلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن تېز تاماقلارنى ئاز يېيىش كېرەك.






### نېمە ئۈچۈن تېز تائاملارنى دائىم ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ؟

تېز تائاملارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى تەكشى ئەمەس، قەنت، تۇز، ماي تەركىبى كۆپ، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى، لېكىن ۋىتامىن، مىنېرال ماددا ۋە تالانىڭ مىقدارى ئاز. كىشىلەر تېز تاماقلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئىنتايىن تېز يەيدۇ، ئانچە چاينىماي كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز تائاملار تەركىبىدە يەنە تۇرغۇنلىغان تەم تەڭشىگۈچ ۋە يېمەكلىك خۇرۇچلىرى بولغاچقا، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال قىلىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

تېز تائاملارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن مېۋە ـ چېۋە يېيىش ياكى مېۋە شەربىتى ئىچىش كېرەك.

بەزىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن تېز تائاملارنى يېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇنى دائىملىق يېمەكلىك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

### تېز تاماق

كوچا بويلىرىدىكى تېز تاماقخانىلاردا سېتىلىۋاتقان، پىشۇرۇپ قويۇلغان، خالىغان ۋاقىتتا يېيىشكە بولىدىغان يېمەكلىكلەر كىشىلەرنىڭ جىددىي تۇرمۇشىنى قاندۇردى. تېز تاماقلار بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ئىنتايىن قۇلايلىق.

تېز رىتىملىق شەھەر تۇرمۇشى



مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى.



مايدا پىشۇرۇلغان ياڭيۇ قەلەمچىسى.

پاكىز، تەملىك تېز تائاملار ئاسانلا كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدۇ، لېكىن ئۇ ياخشى يېمەكلىك ئەمەس.



# ئوزۇقلۇق ۋە ساغلاملىق

بىر ئادەم بوۋاق ۋاقتىدىن چوڭىيىپ بالاغەتكە يەتكۈچە ھەمدە ساغلام بەدەن ۋە ئەقىل - ئىدراكىنى ساقلاشتا، بىر كۈندە ئۈچ ۋاق يېمەكلىك تەركىبىدىن ماي، ۋىتامىن ۋە ئاقسىل قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىشقا موھتاج . ھەرخىل يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ئوخشىمايدۇ، شۇڭا يېمەكلىك تاللىماسلىق كېرەك.

ئاشلىق كىشلەرنى كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى، ۋىتامىن، مىنېرال ماددا ۋە تالالار بىلەن تەمىنلەيدۇ.



## ماي

بەدىنىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ماي ئۆسۈملۈك مېيى ۋە ھايۋاناتلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىشتىن كېلىدۇ. ماي بەدىنىمىزنى ئىسسىقلىق ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىراق ماينى بەك كۆپ ئىستېمال قىلساق سەمرىپ كېتىمىز.

## ئاقسىل

ئاقسىل ئادەم بەدىنى ھۈجەيرىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى. بىز يېمەكلىك تەركىبىدىن ئاقسىل قوبۇل قىلىپ، بەدىنىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ساقلايمىز. كۆپ قىسىم يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل بولىدۇ. گۆش ۋە سۈت تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل كۆپرەك، ئاشلىق، سەي - كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋە تەركىبىدە ئاقسىل ئازراق.

بېلىق، راك ۋە سۇ تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدە ئەلا سۈپەتلىك ئاقسىل بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

## ۋىتامىن

ۋىتامىن چوڭ بىر ئائىلە بولۇپ، ئۇ نەچچە خىلغا بۆلىنىدۇ. ئۇ باشقا ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئادەم بەدىنىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر خىل ۋىتامىن كەم بولۇپ قالسا كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە، ئاشلىقنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن مول.

## مىنېرال ماددا

قاندىكى قىزىل قان ھۈجەيرىسى تۆمۈرگە ئېھتىياجلىق، مۇستەھكەم چىش ۋە سۆڭەك كالتسىي ۋە فوسفورغا ئېھتىياجلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىنېرال ماددا بولۇپ، بەدىنىمىزنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. سەي - كۆكتات، ئاشلىق، بېلىق ۋە راك قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار مول.

## كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى

كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى بەدىنىمىزدىكى ئېنېرگىيىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى، بىز ھەر كۈنى ئىستېمال قىلغان ئاشلىق، مېۋە - چېۋە ۋە سەي كۆكتاتنىڭ تەركىبىدە كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى بار.

نۇرغۇنلىغان مېۋە - چېۋە ۋە سەي - كۆكتات مەسىلەن: ئالما، ئاپېلسىن مېۋىلىرى، پوخلا قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن C مول بولىدۇ.

تالا — ئادەم بەدىنىنىڭ كېرەكسىز ماددا ۋە زىيانلىق ئېلېمېنتلارنى چىقىرىشىغا ياردەم بېرىدۇ. يېشىل سەي - كۆكتات ۋە ئادەتتىكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدە تالا بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ.

ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ ياخشى ئىچىملىك قايناقسۇدىن ئىبارەت.

باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا سۇ ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم، ئەگەر سۇ كەم بولسا بەدەن ساغلاملىقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئېغىر سۇسىزلىنىش ئۆلۈم - يېتىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەم بەدىنى ھەر كۈنى تەخمىنەن 1.5L سۇغا ئېھتىياجلىق، ھەر قېتىملىق سۇ ئىچىش ۋاقتى ئارىلىقى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

جاۋاب: A نى تاللىسىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن

## يېمەك - ئىچمەك ئېھرامى

ھەربىر يېمەكلىكنىڭ تەركىبىدە ئوخشىمىغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى بار. كىشىلەرنىڭ يېمەكلىككە بولغان ئېھتىياجى ئېھرامنىڭ چوققىسىدىكى يېمەكلىكتىن ئاستىدىكى يېمەكلىككە قاراپ تەدرىجىي ئېشىپ بارىدۇ. ھەر كۈنى يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەپ يېيىش، ئۆلمىي ئوزۇقلۇق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش سىزگە ساغلام بەدەن ئېلىپ كېلىدۇ.









دەرەخ شاخلىرىنى ئېگىپ، ئۈستىگە لاي سىلىپ لاپاس ياساشقا بولىدۇ.

## ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆيى

خېلى بۇرۇن بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەرنى، بەزىلىرى قۇشلارغا ئوخشاش دەرەخلەرنى قونالغۇ قىلغان. كېيىن ئۇلار قورال ياساش ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، دەرەخنىڭ شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى ۋە چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىپ لاپاس ياسىدى، لاي ۋە تاشلاردىن پايدىلىنىپ تام قوپۇردى. بۇلار ئەڭ دەسلەپكە ئۆيدۇر.

# ئۆي سېلىش

ئىنسانلار قورال ئىشلىتىشنى بىلگەندىن كېيىن، ھەرخىل ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، يامغۇر يېغىشتىن دالدىلىنىدىغان مۇقىم تۇرالغۇغا ئۆي ياساپ چىققان. يەر شارىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر شەھەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. لېكىن، ئىشلىتىلىدىغان يەر چەكلىك بولغاچقا، شەھەردە ئېگىز بىنالار سېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

## ئۆي سالىدىغان ماتېرىياللار

ياغاچ ئىنسانلار ئۆي سالغاندا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ماتېرىيالدۇر. خېلى بۇرۇندىن بۇيان، ئىنسانلار ئومۇمەن دەرەخ بار جايغا كىچىك ئۆيلەرنى ياسىغان. كېيىن كىشىلەر خىش، كاھىش، قۇم، ھاك، تاش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆينىڭ ئۆلى ۋە تېمىنى قوپۇردى. لېكىن ئۆينىڭ جازىسى ۋە ئىشىك-دېرىزىلىرىگە ياغاچ ئىشلىتىلمەكتە.






## بىنا سېلىش

بىناغا پولات چىۋىق بىلەن سېمونت ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۈۋرۈك، لىم ۋە جەگە ياسىلىدۇ. بىنا ئۆي ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيگە قارىغاندا پۇختا بولىدۇ. نەملىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە شەكلى ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىقتىساد قىلىشقا بولىدۇ. بىنا سالغاندا كران قاتارلىق ھەرخىل قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.






سېمونت تاختا بىلەن بىنا سالغاندا، نەچچە كۈنگە قالماي بىر قەۋەتنى پۈتتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە كران شوپۇرى ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## شەھەردىكى كۆپ قەۋەتلىك ئاھالە ئولتۇراق ئۆيلىرى

كۆپ قەۋەتلىك ئاھالە ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى چوڭ ئەمەس، لېكىن ئولتۇرۇشقا بولىدىغان كۆلىمى چوڭ بولۇپ، خۇددى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى ئۈستى-ئۈستىلەپ تىزغانغا ئوخشايدۇ. تېجەپ قالغان بوش جايلارغا تېخىمۇ كۆپ بىنالارنى سېلىشقا ياكى كۆكەرتىشكە بولىدۇ.



سېمونتتا لاي ئېتىش



بېتون ترانسپورت ماشىنىسى.




## كىگىز ئۆي

موڭغۇل چارۋىچىلار يايلاقتا قوي، كالا قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ، دائىم يېڭى يايلاقلارنى ئىزلەپ كۆچۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ خىل چۇۋۇپ كۆچۈشكە بولىدىغان كىگىز ئۆينى كەشپ قىلغان.




## تۆت چاسا هويلا

تۆت چاسا هويلا تۆت ئەتراپى توسۇپ هويلا قىلىنغان تۇرالغۇ بولۇپ، جەنۇب ـ شىمال ئوق يۆنىلىشنى بويلاپ، شىمال تەرىپىگە ئالدىنى جەنۇبقا قارىتىپ مەركىزىي زال سېلىنىدۇ. ئۆي سانى تاق بولۇشى كېرەك. چوڭ ئولتۇراق ئۆينىڭ ئىككىدىن ئارتۇق هويلا ئىشكى بولۇپ، كۆپ ئىشكلىك هويلىنى شەكىللەندۈرگەن. چاسا هويلىدا قىش پەسلى قۇياش نۇرى ئۆيگە چۈشىدۇ. ياز پەسلى شامال ئۆتۈشۈپ سالقىن بولىدۇ.




## مەملىكىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرى

مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرى خىلمۇخىل، جەنۇب نەم، ئىسسىق، بامبۇكتا ياسىغان ئۆيلەر كۆپ، شىمال قۇرغاق، سوغۇق بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئازادە، ئېگىز ھەممە ئۆزگە خاس ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆي — چاسا هويلىنى شەكىللەندۈرگەن.




### ئاسما ئۆي

ئاسما ئۆي مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى دۇڭزۇ ۋە تۇجيازۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى. ئۇ ئادەتتە يەر تۈزلۈكى يانتۇ جايلارغا ياغاچتىن تۈۋرۈك قويۇپ، تۈۋرۈك ئۈستىگە ئىككى-ئۈچ قەۋەت قىلىپ سېلىنىدۇ. ئەتراپى ياغاچ بىلەن توسۇلىدۇ. بۇ ئۆيلەر كۆركەم ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئاسما ئۆينىڭ ئاستىدا تۈۋرۈكلا بولىدۇ، تام بولمايدۇ. چارۋا بېقىشقا ياكى ئۆششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇشقا بولىدۇ.

### دالدا تام دېگەن نېمە؟

دالدا تام تۆت چاسا ھويلىنىڭ ئىچىدىكى زىننەتلەنگەن تام بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى قالايمىقان تام يۈزى ۋە نەرسىلەرنى توسۇپ، دەرۋازىنىڭ كىرىپ-چىقىش ئېغىزىنى كۆركەملەشتۈرىدۇ. دالدا تام خىش ياكى تاشتىن قوپۇرۇلىدۇ، ئۈستىگە قۇش، بېلىق ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى ئويۇلغان ياكى تىلەك سۆزلىرى يېزىلغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئايلانما بىنا

مەملىكىتىمىزنىڭ فۇجيەن قاتارلىق جايلىرىدىكى مېھمانخانا خوجايىنلىرى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇلتۇراق ئۆي ــ ھالقىسىمان بىنانى لايىھىلەپ چىققان، بۇ ئايلانما بىنا دېيىلىدۇ. ئايلانما بىنانىڭ ئىچىدە زال، ئامبار، قۇدۇق، ئاشخانا قاتارلىقلار بار بولۇپ، يۈز ئائىلىلىكتىن كۆپرەك كىشى ئولتۇراقلىشالايدۇ. بۇ خىل ئۆينىڭ ئىنتايىن ياخشى قوغداش ئىقتىدارى بولۇپ، باندىت ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا بولىدۇ.



مۇستەھكەم ئايلانما بىنا.


قار ئۆينىڭ ئىچىگە جىن چىراغ يورۇتسا ھەم يورۇق ھەم ئىللىق بولىدۇ.

ھاۋا ئالمىشىش تۆشۈكى




## قار ئۆي سېلىش

شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى ئىنۇئىتلار سەپەر جەريانىدا شۇ جايدىن ماتېرىيال توپلاپ، قار ئۆي سېلىپ قار-شۇۋرغاندىن پاناھلىنىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئاستىغا قاراپ بىر مېتىر ئەتراپىدا كولاپ، ئاندىن پۇختىراق قار پارچىسىنى تاللاپ ئېلىپ، ئاستى قىسمىدىن ئۈستىگە قارىتىپ تاكى ئۈستى ئىنىلگىچە قوپۇرۇپ قار ئۆينى ياساپ چىقىدۇ. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئازادە ۋە ئىللىق بولغان بىر قار ئۆينى ياساپ چىقالايدۇ.

بەي شۈي ئۆيى ۋىنادىكى بىر تۇرالغۇ ئۆي بولۇپ، 1985-يىلى ئاۋستىرىيىلىك مەشھۇر رەسسام بەي شۈي لايىھىلەپ سالغان.


بەي شۈي ئۆينىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇشىدا ئىچىدىن سىرتىغىچە بىر تۈز سىزىق بولمايدۇ، ئۆيلىرى ھەم قائىدىلىك تۈز تەرەپلىككىمۇ ئوخشىمايدۇ. يىراقتىن قارىغاندا خۇددى چۆچەكلەردىكى قەلئەلەرگىلا ئوخشايدۇ.

## ئۆزگىچە تۇرالغۇ

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە تۇرالغۇلار بار. سوغۇق شىمالىي قۇتۇپنى چەكسىز قار-مۇز قاپلاپ تۇرغاچقا، كىشىلەر قار-مۇز بىلەن ئۆي سالىدۇ. نەم، ئىسسىق قويۇق ئورمانلىقتا كىشىلەر دەرەخ ئۈستىگە ئۆي سالىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يەر شارىدىكى ئۆيلەر شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە كىلىمات مۇھىت ئەھۋالىغا ئاساسەن سېلىنىدۇ.



جاۋاب: A





ياتاق ئۆي

www.uyghurkitap.com

## تاتامى

ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسىڭىز، ئۆيگە كىرىپ ئالدى بىلەن ئايىغىڭىزنى سېلىۋېتىسىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بۇغداي ۋە شالنىڭ پاخلىدىن توقۇلغان پالاز سېلىنغان، بۇ تاتامى دېيىلىدۇ. تاتامىنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشى ۋە ئىسسىقلىق ساقلىشى ياخشى بولۇپ، كەچتە تام ئىشكابىدىن يوتقان-كۆرپە ئېلىپ تاتامىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ ئۇخلاشقا بولىدۇ.

## سۇ ئۈستى ئۆيى

ئافرىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، بەزى ئۆيلەر سۇ ئۈستىگە سېلىنىدۇ، بۇ ئۆيلەر قاتار-قاتار تۈۋرۈك جازىلارنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، بۇ تۈۋرۈك جازىلار ئۆينىڭ بوران-چاپقۇن ۋە دېڭىز دولقۇنىدا ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسى يانتۇ بولۇپ، ئۈستىگە پالما يوپۇرمىقى يېپىلغان، يامغۇر سۈيى تېزلا ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.



كېمە سىرتىقا چىقىشتىكى دائىملىق قاتناش قورالى بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا توختىتىپ قويۇلىدۇ.

## ئۆينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ھەربىر ئائىلە ئۆيىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئۇ بىزنىڭ ئىللىق ئۆيىمىز، بىز ئۇنىڭدا تاماق يەيمىز، ئۇخلايمىز، كۆڭۈل ئاچىمىز ۋە ئارام ئالىمىز. ئۆينى رەتلىك، پاكىز، ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئىللىقلىق ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.




بىر يۈرۈش ئۆيدە مېھمانخانا، ياتاق، ئاشخانا ۋە تازىلىق ئۆيى قاتارلىقلار بولىدۇ. ھەربىر ئۆيگە ئوخشىمىغان ئۆي سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى قويۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدۇ.

### يورۇقلۇق

100 يىللار ئىلگىرى ئېدىسون ئېلېكتر لامپىنى كەشىپ قىلغان. شۇندىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ ئۆيىدە قولايلىق يورۇتۇش ئەسۋابى بار بولدى. ھازىر چىراغلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، مەسىلەن، ئاسما چىراغ، تام چىرىغى، ئۈستەل چىرىغى قاتارلىقلار. بەزى چىراغلار تەكشى يورۇتىدۇ، بەزى چىراغلار قىسمەن يورۇتىدۇ. ھەرخىل چىراغلار ئۆيگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خىلمۇخىل بوشلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ.



### زىننەتلەش ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇش

ئۆيدىكى تام قەغىزى، گىلەم، پەردە قاتارلىقلار قوغداش ۋە توسۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى ۋە ئۈستىدىكى رەسىملەر زىننەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. تامغا ئېسىلغان سۈرەت، رەسىم رامكىسى، زىننەت بۇيۇملىرى، ئۈستەلدىكى لوڭقا، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار مۇۋاپىق تاللانسا، ئۆينى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.




كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكى ۋە تايانچۇقى ئاسان سۈرۈلۈپ يىرتىلىپ كېتىدۇ ۋە كىرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر كرېسلو يايقۇچى يىلەن يېپىپ قويساق قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

يەرگە سائگىلاپ تۇرغان ئاق شايى پەردە قۇياش نۇرىنى توساش رولىنى ئوينايدۇ ھەمدە ئۆينى يورۇق، ئازادە كۆرسىتىدۇ.

جاۋاب: A



## ئۆي جاھازلىرى

بىر يۈرۈش ئۆيدە بىر قاتار ئۆي جاھازلىرى بولىدۇ، مەسىلەن، كىيىم ئىشكابى، كىتاب ئىشكابى، خىزمەت ئۈستىلى، تاماق ئۈستىلى، كرېسلو قاتارلىقلار. بۇ ئۆي جاھازلىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئازادىلىك ئاتا قىلىپلا قالماستىن بەلكى ئۆي بېزەشلىكىنى بىر قانچىگە بۇلۇپ، يېڭى تۈس قوشىدۇ.





## كارىۋات

كىشىلەر ئۆمرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى كارىۋات ئۈستىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئازادە، پاكىز كارىۋات بىزنىڭ ياخشى ئۇخلىشىمىزنىڭ كاپالىتى.

*تۆۋەندە تۆت چىراغ بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى قايسىسىنى مېھمانخانىنىڭ تورۇسىغا ئورناتسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟*






## سۇ ئۈستى قاتنىشى

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەريا بويىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بېلىق تۇتۇش ۋە دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى سۇ ئۈستى قاتناش قورالى ــــ قېيىقنى ياساپ چىققان. كېيىن كىشىلەر شامال كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلىپ، يەلكەنلىك كېمىنى ياساپ چىقىپ، سۇ ئۈستىدىكى پائالىيەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. بۈگۈنكى كۈندە چوڭ تىپتىكى پاراخوتلارنىڭ ھەممىسى دېۋىگاتېلنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ، نەچچە 100 مىڭ تونىنا ئېغىرلىقتىكى يۈكنى قاچىلاشقا بولىدۇ.

400 يىللار ئىلگىرىكى ئەنگلىيىنىڭ قوراللىق ئۇرۇش كېمىسى ــــ مارى لوس






جېك خېنىڭ ھەشەمەتلىك كېمە مودېلى

### يەلكەنلىك كېمە

يەلكەننىڭ رولى شامال كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، كېمىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش. شامال يەلكەنگە ئۇرۇلغاندا بىر تەرەپكە بېسىم كۈچى پەيدا قىلىدۇ. پەقەت يەلكەننىڭ بۇلۇڭىنى توغرىلىساقلا شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ كېمىنى ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ.




مىڭ سۇلالىسىنىڭ دېڭىزچىسى جېڭ خې يەتتە قېتىم چوڭ تىپتىكى كېمە ئەترىتىنى باشلاپ يىراق دېڭىزغا سەپەر قىلىپ، جۇڭگونىڭ دېڭىز ئۈستى «يىپەك يولى»نى ئاچقان.

### ئەڭ دەسلەپكى كېمە

چوڭ دەرەخنىڭ غولىنى ئويۇپ قېيىق ياساپ چىققان، دەرەخنىڭ غولى، بامبۇك غولى ۋە قومۇش قاتارلىقلارنى باغلاپ سال ياساپ چىققان، بۇ خىل قەدىمكى دەۋردىكى كېمىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارلىققا كەلگەن. بەزى جايلاردا ھازىرمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.







*سىز پالاق بىلەن كېمە ھەيدەپ باققانمۇ؟ بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇقسىڭىز قانداق قىلىسىز؟*

جاۋاب: سول پالاقنى ئارقىغا، ئوڭ پالاقنى ئالدىغا ئۇرغاندا، كېمە سولغا قايرىلىدۇ

## يەل كېمە

يەل كېمىنىڭ ئەتراپىدا يەل خالتىسى بولۇپ، ئىچىگە لىق ھاۋا تولدۇرۇلغان. شامالدۇرغۇچ ئۈزلۈكسىز ھاۋانى يەل خالتىسىغا ئۇرۇپ مۇئەييەن بېسىم ھاسىل قىلىدۇ. ھاۋا ئەتراپتىكى يەل يېلتىزنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىقاندا، سۇ يۈزى بىلەن كېمە ئاستى ئارىلىقىدا ھاۋا قەۋىتى شەكىللىنىپ، كېمىنى سۇ يۈزىدە لەيلىتىپ، كېمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى توسالغۇ كۈچىنى ئازايتىدۇ. بەزى يەل كېمىلەر يەر يۈزى ياكى سۇ يۈزىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلالايدۇ. سازلىق ۋە قار-مۇز بىلەن قاپلانغان جايلاردىمۇ توسالغۇسىز ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

## سۇ ئۈستى ئايروپىلانى

سۇ ئۈستى ئايروپىلانى ھازىرقى زامان يېڭى تىپتىكى سۇ ئۈستى قاتناش قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ئايروپىلانغا ئوخشايدۇ ھەم كېمىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىگە. دېڭىز يۈزى ياكى يەر يۈزىگە يېقىن ئۇچالايدۇ. سۇ ئۈستى ئايروپىلانىنىڭ سۈرئىتى ئايروپىلانغا يېقىنلىشىدۇ، لېكىن ئايروپىلانغا ئوخشاش يۇقىرى بوشلۇقتىن چۈشۈپ كېتىش خەۋپى يوق. بىخەتەر ھەم ئىشەنچلىك، ترانسپورت مىقدارى كۆپ.



سۇ ئۈستى ئايروپىلانى دېڭىز يۈزىگە يېقىن ئۇچۇپ، سۇنىڭ كېمىگە بولغان توسقۇنلۇق كۈچىنى ئازايتىدۇ.




## چوڭ تىپتىكى ھەشەمەتلىك يولۇچىلار پاراخوتى

چوڭ تىپتىكى ھەشەمەتلىك يولۇچىلار پاراخوتى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، 20 نەچچە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئېگىزلىكىگە توغرا كېلىدۇ. 2000دىن ئارتۇق يولۇچى سىغىدۇ. پاراخوتتا كۆپ قەۋەتلىك يولۇچىلار بۆلۈمچىسى ۋە پالۋبا، شۇنىڭدەك يەنە ئاشخانا، قاۋاقخانا، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ۋە كۆڭۈل ئېچىش زالى قاتارلىقلار بار. چوڭ تىپتىكى ھەشەمەتلىك يولۇچىلار پاراخوتى گېنېراتور تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان بولۇپ، دېڭىز ساياھىتى ۋە يولۇچىلارنى توشۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.






www.uyghurkitap.com



ئەنگلىيىلىك گ. ستېفېنسون
ياساپ چىققان پار ماشىنىسى

# قۇرۇقلۇق سەپىرى

ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە كالا هارۋىسى ۋە ئات هارۋىسىنى قاتناش قورالى قىلغان. سەپەرگە چىقىش ۋە يۈك توشۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، كىشىلەر ئىزچىل تېز سۈرئەتتىكى قۇرۇقلۇق قاتناش قورالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. پاراۋوز ۋە ئاپتوموبىل كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن، ناهايىتى تېزلا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇقلۇق قاتناش قورالىغا ئايلاندى.



جۇڭگونىڭ قەدىمكى
زاماندىكى ئات هارۋىسى

## پاراۋوز

1825 - يىلى ئەنگلىيىلىك ستېفېنسون تۇنجى پار ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى. كېيىن ئالىملار يەنە ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل ۋە ئېلېكتر پاراۋوزنى ياساپ چىقتى. بۇ تۆمۈر يول پاراۋوزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى پويىزنى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مۇھىم قاتناش قورالىغا ئايلاندۇردى.

ئىچىدىن ياندىغان پاراۋوز دىزېل كۆيگەندە پەيدا بولغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، گېنېراتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توك ھاسىل قىلىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق پاراۋوزنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ.

ئېلېكترو پاراۋوز ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ.




پويىز مەخسۇس ياتقۇزۇلغان
رېلىستا قاتنايدۇ.

كونا تىپتىكى ۋېلسىپىت.



دۇنيادىكى تۇنجى ئاپتوموبىل —
«بېنز - 1»

## ئاپتوموبىل

1885 - يىلى گېرمانىيىلىك س. بېنز بېنزىل ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، «بېنز - 1» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ياساپ چىققان. ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ 100نەچچە كىلومېتىر يول يۈرگەن. كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئاپتوموبىللار تاشيولدا قاتناپ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قاتناش قورالىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان
مېخانىك ۋېلسىپىت.

1922 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان
كىچىك تىپتىكى «ئوسدىن»
ماركىلىق پىكاپقا ئىككى چوڭ
ئادەم، ئىككى كىچىك بالا
ئولتۇرغىلى بولاتتى.

جاۋاب: A. بەلگە، B. مىتسۇبىشى، C. بىيۇاك، D. ۋولسۋاگېن، E. مېرسېدىس، F. قىزىل بايراق



كەلگۈسىدىكى ئۇچالايدىغان پويىز.

## ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز

ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز ۋاگونىنىڭ ئاستىغا ۋە رېلىسنىڭ ئۈستىگە ماگنىت ئورنىتىلغان بولۇپ، پويىز رېلىس ئۈستىدە لەيلەپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ يۈرۈشى مۇقىم، سۈرئىتى تېز، ئاۋازى تۆۋەن بولۇپ، مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ. شۇڭا «يېشىل پويىز» دەپ نام ئالغان.



رېلىس ئۈستىگە ماگنىت ئورنىتىلغان.

ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز 20 نەچچە يىل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەڭ تېز سۈرئىتى 500 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.




ئاپتوموبىلنى ئۆزى ھەيدەپ ساياھەتكە چىققاندا، ساياھەت ئورنىنى خالىغانچە تاللىغىلى بولىدۇ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

*دۇنيادىكى داڭلىق ماركىلىق پىكاپلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ، سىز بۇ بەلگىلەرنىڭ ماركا نامىنى بىلەمسىز؟*



ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ساياھەت پىكاپى.

كەلگۈسىدىكى ئېلېكترلىك ئاپتوموبىل.

قۇياش ئېنېرگىيىسى ئاپتوموبىلى.

بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان كىشىلەر شەخسىي ماشىنا سېتىۋېلىپ، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلماقتا.

ئۈستى ئوچۇق قوش كىشىلىك پىكاپ.







هاۋا كېمىسى(دىرىژابىل)نىڭ چوڭ تېپتىكى سىزىقسىمان بىر هاۋا خالتىسى بولۇپ، ئىچىگە زىچلىقى هاۋانىڭكىدىن كىچىك بولغان گاز قاچىلىنىدۇ.

## گاز شارى ۋە هاۋا كېمىسى ( دىرىژابىل )

ئادەم ئۇلتۇرغان تۇنجى گاز شارى 1783- يىلى هاۋاغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپۈپ تۇرغان چوڭ خالتىسىغا ئىسسىق هاۋا تولدۇرۇلغان. مۇشۇ ئاساستا كىشىلەر ھەرخىل هاۋا كېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ئۇ هاۋانىڭ لەيلىتىش كۈچىنىڭ ياردىمىدە، كىشىلەرنىڭ مەشغۇلات قىلىشى بىلەن هاۋادا خالىغانچە توختىيالايدۇ.

ئىسسىق گاز شارى هاۋادا لەيلىمەكتە.

## بوشلۇقتا ئۇچۇش

كىشىلەر ئەزەلدىن قۇشلارغا ئوخشاش ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇلاپ كەلگەن. نۇرغۇنلىغان كەشپىياتچىلار سان ساناقسىز تەجرىبىلەر ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئارقىلىق خىلمۇخىل ئۇچۇش قوراللىرىنى كەشىپ قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ خىيالىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. هازىر بۇ ئۇچۇش قوراللىرى هاۋا ترانسپورتى، ساياھەت، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ھەربىي ئۇرۇشلاردا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە.




ئايروپىلان هاۋا قاتناش قورالى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتتى.

ئەڭ دەسلەپكى يولۇچىلار ئايروپىلانى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، كۆپىنچىسى كېرەكتىن چىققان ئۇرۇش ئايروپىلانىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان.





هازىرقى زاماندىكى گاز پۈركۈيدىغان سودا ئايروپىلانىغا تەخمىنەن ئون ئادەم ئولتۇرالايدۇ.




ئايرودروم ئايروپورت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش، قونۇش ۋە توختاش جايىدۇر.

## ئايروپىلان دۇنياغا كەلدى

1903- يىلى ئامېرىكىدىكى ئاكا- ئۇكا رايتلار نەچچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق دۇنيادىكى تۇنجى ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، مەشغۇلات قىلغىلى بولىدىغان، سىجىل ئۇچالايدىغان ئايروپىلاننى كەشىپ قىلدى ھەمدە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە ئايروپىلان ئاساسلىق تەنتەربىيە ھەرىكىتى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئىشلىتىلدى.

DCBA : جاۋاب

www.uyghurkitap.com

## ئايروپىلان ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتتى

ئايروپىلان هازىر ئەڭ تېز، ئەڭ قولايلىق قاتناش قورالىغا ئايلاندى. ئۇ دېڭىز-ئوكيان ۋە ئېگىز تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيدۇ، 2000 كىلومېتىر مۇساپىنى بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىلا بېسىپ بولالايدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئايروپىلانغا ئاران بەش-ئالتە ئادەم ئولتۇرغىلى بولاتتى. هازىرقى يولۇچىلار ئايروپىلانىغا تەخمىنەن 500 ئادەم سىغىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھەرخىل يۈكلەرنى ئېلىپ ماڭالايدۇ.

يولۇچىلار ئايروپىلانىدىكى مۇلازىمەت ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن تولۇق بولۇپ، يولۇچىلار ھەقسىز غىزالىنالايدۇ، تېلېۋىزور كۆرەلەيدۇ ۋە مۇزىكا ئاڭلىيالايدۇ.






يولۇچىلار ئايروپىلانىدىكى ئايروپىلان كۈتكۈچىلىرى يولۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىدۇ.







### تىك ئۇچار ئايروپىلان

تىك ئۇچار ئايروپىلان ئىنتايىن ھەرىكەتچان بولۇپ، ھاۋادا توختىيالايدۇ ياكى كىچىك جايلارغا قونالايدۇ. ئالاھىدە ۋەزىپە ئورۇندىشتا، مەسىلەن: دېھقانچىلىق دورىسى چېچىش، سۇئىي يامغۇر ياغدۇرۇش، ئورمانلاردا ئوت ئۆچۈرۈش ۋە ھاۋادىكى قۇتقۇزۇش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.




*ئايروپىلانغا ئولتۇرغاندا قايسى بۇيۇملارنى ئېلىپ چىقىش مەنئى قىلىنىدۇ؟*

## شەھەر قاتنىشى

شەھەر ئىنسانلار بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، دۇكان، تىياتىرخانا، مەكتەپ ۋە ئاھالە پونكىتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن كوچىلارغا زىچ تارقالغان. كىشىلەر سەپەرگە چىققاندا كۆپ خىل قاتناش قوراللىرىنى تاللىسا بولىدۇ، ستېرېئولۇق كۆۋرۈك، سىگنال چىراغلىرى قاتارلىقلار شەھەر قاتناش مەنزىرىسىنى تەشكىل قىلغان.

### ستېرېئولۇق كۆۋرۈك

قاتناش قىستاڭچىلىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاۋات كوچا ياكى ماشىنا كۆپ بولغان يول ئېغىزلىرىغا خىلمۇخىل ستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر ياسالغان. ئوخشىمىغان يۆنىلىشكە قاتنايدىغان ماشىنلار يول ئېغىزىدىن ئۆتكەندە ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكتىكى يول يۈزىدە بىرلا ۋاقىتتا قاتناپ، بىر-بىرىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.




### قاتناش سىگنالى

يول ئېغىزلىرىدا قىزىل-يېشىل چىراغ قاتارلىق قاتناش سىگناللىرىنى كۆرەلەيمىز. يولۇچىلار ۋە ماشىنىلار قاتناش سىگنالى بويىچە تەرتىپلىك ئۆتۈپ قاتناشنىڭ راۋانلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بەزىدە قاتناش ساقچىلىرى تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قول ئىشارىسى ئارقىلىق قاتناشقا قوماندانلىق قىلىدۇ.

مېترو (يەر ئاستى پويىزى)



### قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش

تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان شەھەر يوللىرىغا خىلمۇخىل بەلگە سىزىقلىرى سىزىلغان، يول بويلىرىغا قاتناش كۆرسەتمە تاختىلىرى ئورنىتىلغان. قاتناشنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماشىنا ۋە ئادەملەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز يولىدا مېڭىپ، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.



D.5 A.4 E.3 B.2 C.1 :جاۋاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاممىۋى قاتناش قورالى

ھەربىر شەھەردە مېترو، تىرامۋاي ۋە ئاممىۋى ئاپتوبۇس قاتارلىق خىلمۇخىل قاتناش قوراللىرى بولىدۇ. بۇ قاتناش قوراللىرى نەچچە ئون مىڭ ھەتتا نەچچە يۈزمىڭ يولۇچى ئولتۇرالايدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ سەپىرىگە ئىنتايىن قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.




سىز بۇ قاتناش بەلگىلىرىنى بىلەمسىز؟

1. پىيادىلەر يولى
2. بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭ
3. ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ.
4. سىگنال چىرىغىغا دىققەت قىلىڭ
5. ئاپتوموبىل يولى

# پۇل

كىشىلەر پۇل ئارقىلىق نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پۇل ئىشلىتىلمەيتتى، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرىكىنى باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن ئالماشتۇراتتى. كېيىن ئالماشتۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي خىلمۇخىل پۇل بارلىققا كەلدى.



تەڭگە پۇل



قەغەز پۇل

## قەدىمكى دەۋردىكى پۇل

تارىختا نۇرغۇن دۆلەتلەر ئالتۇن، كۈمۈش ياكى مىسنى بەلگىلىك شەكىلدە قۇيۇپ، بىرلىككە كەلگەن پۇل قىلىپ ئىشلەتكەن ھەمدە بەلگىلىك دائىرىدە ئوبوروت قىلغان. ھازىر، بۇ خىل قەدىمكى پۇللار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ساقلايدىغان قىممەتلىك بۇيۇمىغا ئايلاندى.

## خەلق پۇلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پۇلى خەلق پۇلى دېيىلىدۇ. ئۇ 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى قۇرۇلغاندا تۇنجى قېتىم تارقىتىلغان. خەلق پۇلى «يۈەن»نى ئاساسىي بىرلىك قىلغان بولۇپ، مو ۋە پۇڭدىن ئىبارەت قوشۇمچە بىرلىكلىرىمۇ بار. 1 يۈەن = 10 مو = 100 پۇڭ.



3000 يىللار ئىلگىرىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاق قۇلۇلە قېپى پۇلى.



ئۇچ تۆشۈكلۈك رەخت پۇل.



ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇيۇم ئالماشتۇرۇشى.



2000 يىللار ئىلگىرىكى مەملىكىتىمىزنىڭ يېغىلىق دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن پىچاق پۇل



ئەنگلىيىنىڭ ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى پېنس (ئەنگلىيىنىڭ پارچە پۇل نامى)



مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بەشىنچى ئەسىردىكى قەدىمكى گرېتسىيە پۇلى



مىلادى ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى قەدىمكى رىمنىڭ تىللا پۇلى



مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تارقىتىلغان «جياۋزى» پۇلى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىلگەن قەغەز پۇل ھېسابلىنىدۇ.



كۈمۈش يامبۇ

كاڭشى يامبۇسى



جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر يۈەنلىك كۈمۈش پۇلى



چىن سۇلالىسى دەۋرىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن پۇل — يارماق



خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش مىسقاللىق مېتال پۇل



چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇل چېكى



ئالتۇن يامبۇ

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يالغان پۇل ئىشلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۆلەت پۇل ئىشلىگەندە نۇرغۇنلىغان ئىلغار، مۇرەككەپ تېخنىكىلارنى قوللانغان.

بۇ پۇلدا بىر بىخەتەرلىك سىزىقى بولۇپ، ئەسۋاب بىلەن تەكشۈرگەندە ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق پۇلىنى يورۇق جايغا ئاپىرىپ تەپسىلىي قارىسىڭىز نېمىنى كۆرەلەيسىز؟

پۇلنى نۇرغا تۇتقاندا سىتېرېئولۇق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان نەركەس گۈلىنىڭ سۇ باسمىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.



قوش رەڭلىك نومۇر

نۇرغا تۇتقاندا نۇر ئۆتكۈزۈشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان سۇ باسما نۇسخىسى «5»نى كۆرەلەيمىز.

پۇلنىڭ ئۈستىدە رەتسىز تارقالغان قىزىل ۋە كۆك سىزىقچىلار بار.

قول بىلەن سىلىغاندا رەسىمدىكى بۇدۇرچىلەرنى ئاسانلا سەزگىلى بولىدۇ.

ئەمالار پېرىقدىكى بەلگىسى

## ئېلېكترونلۇق پۇلنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بار؟

بىرىنچى، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئۆز يېنىدا كۆپلىگەن پۇللارنى ئېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز. ئىككىنچى، مال سېتىۋالغاندا پارچە پۇل ئىزدەش ھاجەتسىز، خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، بىرقەدەر بىخەتەر. مەخپىي شىفىر ئارقىلىق قوغدالغاچقا، يىتىپ كەتسە دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا مەلۇم قىلىشقا بولىدۇ. تۆتىنچى، ئاختۇرۇش، كۆزىتىش، ستاتىستىكا قىلىش تولىمۇ قولايلىق.

## ئېلېكترونلۇق پۇل

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بولۇپمۇ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت تورىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئېلېكترونلۇق پۇل بارلىققا كەلدى. ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئېلېكترونلۇق پۇل بانكا تارقاتقان ھەرخىل ئامانەت كارتىسى ۋە ئامانەت قەرز كارتىسى بولۇپ، ئۇلار كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئوبوروت قىلىنىدۇ.



ياۋروپادىكى 12 دۆلەتتە بىرلىككە كەلگەن پۇل — ياۋرو



رۇسىيە پۇلى — رۇبلى



ئەنگلىيە پۇلى — فوندستېرلىڭ



فرانسىيىنىڭ ئەسلى پۇلى — فرانك



گېرمانىيىنىڭ ئەسلى پۇلى — مارك



ياپونىيە پۇلى — يېن



سەئۇدى ئەرەبىستان پۇلى — رىياد



ئامېرىكا پۇلى — دوللار



قاتناش كارتىسى

ئامانەت قەرز كارتىسى

توك كارتىسى

ئامانەت قەرز كارتىسى

تېلېفون كارتىسى

ئېلېكترونلۇق پۇلنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئىشلىتىش ئىنتايىن قولايلىق، ئېلىپ يۈرۈش ئەپلىك.

## چەت ئەل پۇلى

پۇلنى ئادەتتە مەزكۇر دۆلەتنىڭ مەركىزىي بانكىسى ياكى بەلگىلەنگەن ئورنى تارقىتىدۇ. مەزكۇر دۆلەت ياكى رايوندا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەزكۇر دۆلەتنىڭ پۇلىدىن سىرت باشقا دۆلەت ۋە رايونلار تارقاتقان پۇل — چەت ئەل پۇلى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: مەملىكىتىمىزدە دوللار، ياۋرو، يېن قاتارلىقلار چەت ئەل پۇلى دېيىلىدۇ.



جوڭگو سودىگەر چاقىرىش بانكىسىنىڭ بىناسى

## قەرز پۇل

ئۆي ۋە پىكاپ سېتىۋالغاندا ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سالغاندا كۆپ مىقداردىكى پۇلغا ئېھتىياجلىق بولىمىز. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بانكىغا بېرىپ پۇل قەرز ئالىدۇ. بۇ قەرز پۇل دېيىلىدۇ. قەرز پۇل ئالغاندا بەلگىلىك كىرىم كاپالىتى ۋە ئىشەنچلىك ئىسپات بولۇشى كېرەك. بانكا قەرز ئالغۇچىغا پۇل قەرز بەرگەن بولسا، پۇل قەرز ئالغۇچى پۇل قايتۇرغاندا بەلگىلىك نىسبەت بويىچە كۆپەرەك پۇل قايتۇرىدۇ. بۇ كۆپ قايتۇرغان قىسمى ــــ ئۆسۈم دېيىلىدۇ.



## بانكا

بانكا مەخسۇس پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۇل مۇئامىلە ئورگىنى. بانكا بىز ئامانەت قويغان پۇلنى توپلاپ، قەرز بېرىش شەكلىدە جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي تارماقلارغا مەبلەغ سېلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن بوش مەبلەغدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ.







## پۇل ئامانەت قويۇش

ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئىش ھەققى بىۋاستە بانكا كارتىسىغا كىرىدۇ، بىزمۇ دەرھال ئىشلىتىپ بولالمىغان پۇلىمىزنى بانكىغا ئامانەت قويۇپ، لازىم بولغاندا ئالساق ھەم بىخەتەر بولىدۇ، ھەم بەلگىلىك ئۆسۈمگە ئېرىشىمىز.




بانكا سىرتىدىكى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى 24 سائەت مۇلازىمەت قىلىدۇ.

نەق پۇل توشۇش ماشىنىسى

**بانكىنىڭ ئىسمى قانداق كەلگەن؟**

ئىنگلىزچىدا بانكا — BANK دېيىلىدۇ. ئۇ ئىتالىيە يېزىقىدىكى BANCO دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى «پۇكەي» دېگەنلىكتۇر.

**ھەرخىل خىراجەتلەرنى ۋاكالىتەن يىغىش**

ھەرىــــر ئائىلە قەرەللىك ھالدا ئىســـتېمال تالونلىرىنى يىغىۋالىدۇ. مەسىلەن: سۇ ھەققى، ئۆي ئىجارىســــى، تېلېفون ھەققــى قاتارلىقلار. بىز بۇ ھەقلەرنى بىۋاســـتە بانكىغا تاپشۇرساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر شوپۇر قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، قاتناش ساقچىلىرى ئۇنىڭغا جەرىمانە تالونلىرى كېســـپ بېرىدۇ. جەرىمانىنىمـــۇ بانكىغا بېرىپ تاپشۇرسا بولىدۇ.




قاتنــاش CI كارتىســى شوپۇرلارنىڭ مەخسۇس كارتىسىدۇر.

خېرىدارلار ئورۇنىدۇقتا ئولتــۇرۇپ ئۆچــرەت كۈتمەكتە.

بۇ خانىم ئامانەت قەرز دەپتىرىنىڭ مەخپىي شىفرىنى كىرگۈزمەكتە، كومپيۇتېــر مەخپىي شــېفىرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئامانلىق خادىمى بانكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل.

ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىدىن پۇل ئالغاندا ئۆچىرەتتە تۇرۇش ۋاقتىنى تېجىگىلى بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## مال سېتىۋېلىش

بىز ئادەتتە يەيدىغان، كىيىدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ماگىزىندىن سېتىۋالىمىز. بەزى دۇكانلار مەخسۇس بىرلا خىل تاۋارنى ساتىدۇ. مەسىلەن: كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى، ئاياغ دۇكىنى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنى؛ بەزى دۇكانلار بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، مال تۈرلىرى كۆپ، بۇنداق دۇكانلار مال سېتىۋېلىش مەركىزى ياكى تاللا بازىرى دېيىلىدۇ.




### پۇل تۆلەش

سىز دۇكاندىكى مەلۇم خىل تاۋارنى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز، پىركازچىكلار سىزگە تالون كېسىپ بېرىدۇ. سىز تالوننى ئېلىپ پۇل يىغىش پوكىيىغا بېرىپ پۇل تۆلەيسىز. نەق پۇل تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ياكى ئامانەت قەرز كارتىسىدىن تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

### تاللا بازىرىدىن مال سېتىۋېلىش

تاللا بازىرىدىن مال سېتىۋالغاندا، خېرىدارلار تاللا بازىرىنىڭ كىرىش ئىشىكىدىن كىرىپ، قاتار ـ قاتار مال جازىلىرىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان تاۋارلارنى تاللاپ، مال ھارۋىسى ياكى مال سېۋىتىگە سېلىپ، چىقىش ئېغىزىدىكى پۇل ئېلىش پوكىيىغا بېرىپ پۇل تۆلەيدۇ. تاللا بازىرىدا قاتار كەتكەن بىر قانچە پۇل ئېلىش پوكەيلىرى بولىدۇ.

جاۋاب: ئادىشىپ قالغان قىرچاق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رايونىدا




## تاۋارنى تاللاپ سېتىۋېلىش

ماگىزىندا خىلمۇ خىل تاۋارلار تۈرلىرى بويىچە ئوخشىمىغان پوكەيلەرگە تىزىلغان. ئەگەر سىز مەلۇم بىر خىل تاۋارنى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز، پىرىكازچىك دەرھال سىزگە تاۋارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ياكى چوڭ تىپتىكى تاۋارلارنى سېتىۋالسىڭىز خىزمەتچى خادىملار مالنى ئۆيىڭىزگىچە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

سېتىۋالغان نەرسىلەر كۆپ بولۇپ كەتتى، ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاي!

تاللا بازىرىدىكى پۇل ئېلىش خادىملىرى تاۋارنىڭ باھا شىفىرىنى شىفىر ئوقۇش ماشىنىسىدىن ئۆتكۈزسە، باھا ئۇچۇرى ئاپتوماتىك ھالدا كومپيۇتېرغا كىرىپ ئېكراندا كۆرۈنىدۇ.

تاۋارنىڭ سىرتىدا تاۋارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى، ساقلاش مۇددىتى ۋە باھاسى بار، تەپسىلىي قاراش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# دوختۇرخانا

كۆپلىگەن كىشىلەر دوختۇرخانىدا تۇغۇلغان. كىشىلەر كېسەل بولۇپ قالغاندا دوختۇرغا كۆرۈنىدۇ. دوختۇرلار يەنە ساغلام كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ساقلىق ساقلاش ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدۇ ھەمدە يۇقۇملۇق جەمئىيەتتىكى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.



دوختۇر كىچىك بىمارنىڭ كېسىلىگە ئەستايىدىل دىئاگنوز قويماقتا.

### دوختۇرغا كۆرۈنۈش

سالامەتلىكىمىز ياخشى بولمىسا، مەسىلەن، زۇكام بولۇپ قالساق، قىزىپ قالساق، يۆتىلىپ قالساق ياكى ئىچىمىز سۈرۈپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنىمىز. دوختۇر بىزنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمىزنى تەكشۈرۈپ، كېسەلنى تېپىپ چىقىپ، كېسەلگە قارىتا دورا بېرىدۇ. ئەگەر كېسىلىمىز بىرقەدەر ئېغىر بولسا، بالنىستتا يېتىپ تەكشۈرتۈش ۋە داۋالىنىشقا بۇيرۇيدۇ.



### ئوپېراتسىيە

بىر قانچە مەخسۇس دوختۇر ۋە سېستىرالار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ھەرخىل نازۇك تېببىي ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىپ، بىمارنىڭ كېسەل ئورنىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالايدۇ. ئوپېراتسىيە جەريانىدا بىمار قانغا ئېھتىياجلىق بولسا قان سالىدۇ. دوختۇرخانىدىكى زاپاس قان ساغلام كىشىلەر خالىسانە تەقدىم قىلغان قاندۇر.



قان خالتىسى




### جىددىي قۇتقۇزۇش

ئېغىر ياكى جىددىي كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا دەرھال جىددىي قۇتقۇزۇش تېلېفونى 120گە تېلېفون قىلىش كېرەك. قۇتقۇزۇش مەركىزى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ۋە قۇتقۇزۇش خادىملىرىنى ئەۋەتىپ بىمارنى جىددىي قۇتقۇزىدۇ ھەمدە دوختۇرخانىغا ئەكىلىپ داۋالايدۇ.



قۇتقۇزۇش ماشىنىسى

جاۋاب: A. تېرمومېتىر، B. شىپرىس C. ستېتوسكوپ D. قان بېسىمىنى ئۆلچەش ئەسۋابى



سېسترالار بىمارلارغا ئوكۇل سالماقتا

## جاپاكەش سېسترالار

دوختۇرخانىدا سېسترالار ئەڭ ئالدىراش بولىدۇ. ئۇلار دوختۇرنىڭ دىئاگنوزىغا ئاساسەن، بىمارلارنى داۋالاشقا مەسئۇل بولىدۇ. بىمارلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، ئوكۇل سېلىپ، بىمارنىڭ سالامەتلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.



دوختۇرلار ھاۋا ئۆتكۈزمەس كىيىمنى كىيىپ، قوغداش ئەينىكى تاقاپ، يۇقۇملۇق كېسەل بىمارلىرىنى داۋالاشقا تەييارلانماقتا.

## دوختۇرخانىدا

بىز دوختۇرخانىدا تەكشۈرتىمىز ۋە كېسىلىمىزنى داۋالتىمىز. دوختۇرخانىدا ھەرخىل ئامبۇلاتورىيە، جىددىي قۇتقۇزۇش ئامبۇلاتورىيىسى، لابوراتورىيە، داۋالاش ۋە بالنىست قاتارلىق بۆلۈملەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەدىنىمىزدىكى ھەرخىل ئەزالارنى تەكشۈرىدىغان ۋە داۋالايدىغان تىببىي ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر بولىدۇ.

مەخسۇس دوختۇرخانا مەلۇم بىر كېسەلنى مەخسۇس داۋالايدۇ، مەسىلەن: ئېغىز بوشلۇقى دوختۇرخانىسى. ھەرخىل كېسەللەرنى كۆرەلەيدىغان دوختۇرخانا ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا دېيىلىدۇ. بالىلار دوختۇرخانىسى مەخسۇس ئۆسمۈر بىمارلارنى داۋالايدۇ.



### 1 - ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى

ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلقئارا بالىلار بايرىمى. بۇ كۈنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت بالىلىرى ئويۇن ئويناش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش ۋە يىغىلىش قاتارلىق شەكىللەردە تەبرىكلەيدۇ.




بالىلار سىزمىسى — «بىزنىڭ بايرىمىمىز»

ئويۇنچۇق ۋە كىتابلار بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىش، دۇنيانى تونۇش ۋە بىلىم ئۆگىنىشىگە زور ياردەم بېرىدۇ.



### ئويۇن

بالىلىق دەۋردە ھەممە كىشى ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئويناش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئويناش ئارقىلىق بالىلارنىڭ چوڭ مېڭىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، ھەرىكىتى تېخىمۇ ماسلىششچان بولىدۇ. ئويناش جەريانىدا يەنە دوستلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

## بالىلىق دەۋر

ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ئۇنتۇمايدۇ. بالىلىق مەزگىلىدە ئويۇن ئويناش، دۇنيانى تونۇش ۋە بىلىم ئۆگىنىش تۇرمۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانا بالىلارنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى، بالىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ شەكىللەندۈرگەن ئادىتى، ئىدىيىسى ۋە پەزىلىتى ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىلەش شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن بالىلار مەكتەپتە بىلىم ئېلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك، سىز قايسى ئىشلارنى قىلالايسىز؟ مۇستەقىل قىلالايدىغان ئىشىڭىزغا قىزىل گۈل چاپلاڭ.



D ئاياغ بوغقۇچىنى چىگىش



A پايپاق يۇيۇش





C تاپشۇرۇق ئىشلەش





B كىتاب سومكىسىنى رەتلەش



## ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىش

ھەربىر كىچىك دوست چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشنى، مەسىلەن: ئۆيلەرنى تازىلاش، كىيىم-كېچەكلەرنى قاتلاش ۋە ئورۇن سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشى كېرەك؛ قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئاۋۋال ئۆزى ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەش، چوڭلاردىن خالىغانچە ياردەم سورىماسلىق كېرەك؛ كىچىك دوستلار بىلەن تالاش-تارتىش يۈز بەرگەندە ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش؛ ئۆگىنىشتە قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

## ئۆز-ئۆزىنى قوغداش

بىز مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشايمىز، ھەرخىل تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز، نۇرغۇنلىغان كۈتۈلمىگەن ئىشلارغا يولۇقىمىز. شۇڭا ئىشنىڭ راست-يالغىنىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.





تېلېفون ئۇرۇپ ياردەم سوراش.





ناتونۇش كىشى بىلەن ماڭماڭ.

سىرتقا چىقىپ يولدىن ئادىشىپ قالغاندا ياكى ئاتا-ئانىسى بىلەن تېپىشالمىغاندا ساقچى تاغىلاردىن ياردەم سوراش كېرەك. ئاتا-ئانىسىغا تېلېفون قىلىسىمۇ بولىدۇ.



## باللىق دەۋرىدىكى ئارمان

باللىق دەۋر خىيالغا تولغان بولىدۇ. باللىقتىكى غايە خىلمۇخىل بولىدۇ. بەزىلەر ئالىم بولۇشنى، بەزىلەر سەنئەتكار بولۇشنى، يەنە بەزىلەر يەسلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى ئويلايدۇ. بۇ غايىلەرنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام بولغان باللارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا موھتاج.




ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ شەخسىي ھوقۇقىنى ھۆرمەتلىشى، بالىلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى خالىغانچە ئاختۇرماسلىقى كېرەك.

# بالىلارنىڭ ھوقۇقى

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. 1959-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «بالىلار ھوقۇقى خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى، 1989-يىلى يەنە «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، بالىلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى ۋە قاتنىشىش ھوقۇقىنى بېكىتتى.

## تەرەققىيات ھوقۇقى

ھەرقايسى دۆلەت بالىلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بار. بالىلارنىڭ خاراكتېرى، ئەقلى ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنى ئەڭ تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىككە بولغان ھۆرمىتىنى يېتىلدۈرۈش؛ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۆزىگە بولغان مەدەنىي تونۇشنى يېتىلدۈرۈش، دۇنيا مەدەنىيىتىگە بولغان ھۆرمىتىنى يېتىلدۈرۈش؛ ئۆزئارا چۈشىنىش، تىنچلىق، كەڭ قورساقلىق، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى ۋە دوستانىلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەبىئىي مۇھىتقا بولغان ھۆرمىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

## قاتنىشىش ھوقۇقى

ھەربىر بالا ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. چوڭلار بالىلارنىڭ پىكرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشى ھەمدە بالىلارنىڭ يېشى ۋە يېتىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.




بالىلار ئىرقى، تېرىسى، جىنسى، تىلى، دىنى، مال-مۈلۈكى، مېيىپلىقى ۋە تۇغۇلۇش ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاتا-ئانىسى ياكى قانۇنلۇق ھامىيسىنىڭ قالايمىقان كەمسىتىشكە ئۇچرىسا بولمايدۇ.

## قوغدىنىش ھوقۇقى

بالىلار ئېخى پىشىپ يېتىلمىگەچكە، تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئالاھىدە كۆتۈشكە( قانۇن جەھەتتىكى مۇۋاپىق قوغدىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) موھتاج. «ئەھدىنامە»دە، ئەھدىنامە تۈزگۈچى دۆلەت بالىلارنىڭ قوغدىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېزىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بالىلارنىڭ تەربىيە ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەمدە بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلى ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.



جاۋاب: EDCA



ئۇرۇش بالىلارغا ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك ئېلىپ كېلىدۇ ھەمدە بالىلارنىڭ ھاياتىنى بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە خەۋپ يەتكۈزىدۇ.



مېيىپ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بالىلارنىڭمۇ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بار.

## «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى»

«بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بولۇپ، 54 ماددىغا بۆلۈنىدۇ. ئەھدىنامىگە قول قويغان بارلىق دۆلەتلەر مەزكۇر دۆلەتتىكى بالىلارنىڭ ئەھدىنامىدە كۆرسىتىلگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىغا، بالىلارنى تىنچلىق، ئىززەت-ھۆرمەت، كەڭ قورساق، ئەركىنلىك، باراۋەر ۋە ئىتتىپاق بولۇش روھى ئاستىدا بەختلىك ئۆسۈپ يېتىلىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ ئەھدىنامە مەملىكىتىمىزدە 1992-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولغان.

## ياشاش ھوقۇقى

ھەربىر بالا ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاتا-ئانا ياكى قانۇنلۇق ھامىيسى بالىلارغا ئىناق، خاتىرجەم ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق.





ئائىلىنىڭ كىرىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئاتا-ئانىلار كۈندىلىك خىراجەتنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.



ئاتا-ئانىلارنىڭ كىرىمى



## ئائىلە

ئاتا-ئانىلار بىزگە ئىللىق ئائىلە ئاتا قىلدى، بىز تۇغۇلغاندىن باشلاپ مۇشۇ ئائىلىدە ياشايمىز. بىز بۇ ئائىلىدە تاماق يەيمىز، ئۇخلايمىز، ئۆگىنىش قىلىمىز، ئوينايمىز، خۇشال-خۇرام ئۆسۈپ يېتىلىمىز. بىز بالاغەتكە يەتكەندىمۇ بۇ ئائىلىدىن مېھرىمىزنى ئۈزمەيمىز.



ئائىلىنىڭ خىراجىتى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ، يۇرۇش-تۇرۇش، تەربىيىلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.






جەمئىيەت نۇرغۇنلىغان ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان، بىر مۇقىم جەمئىيەتتە سان-ساناقسىز ئىناق ئائىلە بولىدۇ.



جاۋاب: A. ھاما، B. بىر نەۋرە ئاچا، C. بىر نەۋرە ئاكا، D. كىچىك ئاپا



خۇشال، ئىناق يېڭى ئائىلە

www.uyghurkitap.com





### ۋارىس ئائىلە

ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن ۋە بىر تەرەپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا توي قىلىپ، يېڭى ئائىلە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. قايتا توي قىلىپ كىرگەن ھەمراھ بۇ ئائىلىدىكى بالىنىڭ ئۆگەي ئاتىسى ياكى ئۆگەي ئانىسىغا ئايلىنىدۇ. ئۆگەي ئاتا ياكى ئۆگەي ئانىنىڭ بالىسى بۇ ئائىلىدىكى بالىنىڭ دادا باشقا ياكى ئانا باشقا ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىلىسىغا ئايلىنىدۇ.

### ئۆي ئىشلىرى

بىز ھەر كۈنى تاماق يەيمىز، شۇڭا جەزمەن بىرسى سەي سېتىۋېلىشى، تاماق ئېتىشى ۋە قاچا يۇيۇشى كېرەك؛ بىز كىيىم-كېچەكنى پاكىزە كىيىشىمىز، ئۆينى پاكىزە تۇتۇشىمىز كېرەك، شۇڭا جەزمەن بىرسى كىر يۇيۇشى ۋە ئۆي تازىلىشى كېرەك. ھەربىر ئائىلىدە بۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشلار ئۆي ئىشلىرى دېيىلىدۇ.

### كىرىم ۋە چىقىم

ئاتا-ئانىلارنىڭ كۈپىنچىسىنىڭ ئىش ھەققى بولىدۇ، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ماددىي بايلىق يارىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار مۇۋاپىق كىرىمگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ كۈندىلىك خىراجىتى قىلىنىدۇ.




*بۇ بىر تۈپ ئائىلە چوڭ دەرىخىدىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ*

### بويتاق ئائىلە

بويتاق ئائىلە ئاتا - ئانىدىن بىرەيلەن بالا بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان ئائىلىنى كۆرسىتىدۇ. بويتاق ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى بىر قەدەر كۆپ: ئاتا ياكى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بالىنى باقىدىغان بىر تەرەپ توي قىلمىغان قاتارلىقلار. ئاتا-ئانا ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ، لېكىن يەنىلا بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىز بىر ئائىلە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ چامىسى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئائىلە ئۈچۈن ئازراق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.







ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىم ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلماقتا

### مول مەزمۇنلۇق دەرسلەر

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆگىنىش. مەكتەپ پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ دەرس ئۆلچىمى» بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە مەدەنىيەت ۋە تەبىئەت ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ گۈزەل-سەنئەت قىزىقىشىنى يېتىلدۈرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپىدۇ.

### ئوقۇتقۇچى

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم يەتكۈزىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بەرگۈچىدۇر. مەكتەپتە سىنىپ مەسئۇلى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى شۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ مەزگىلىدىكى ئىدىيىسى، ئۆگىنىشى ۋە ساغلاملىق ئەھۋالىغا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولىدۇ.

## مەكتەپ

بىر ئادەم 6 ـ 7 ياشتا مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ھاياتى باشلىنىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپكىچە مەكتەپتە تەربىيە ئالىدۇ. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارغا ئەگىشىپ بىلىم ئېلىشتىن باشقا يەنە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆگىنىش جەھەتتە دوستلۇق ئورنىتىدۇ، ساۋاقداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ.



گىمناستىكا مەيدانى گىمناستىكا ئوينايدىغان ۋە تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن، مەكتەپنىڭ چوڭ تىپتىكى يىغىلىش پائالىيەتلىرىمۇ مۇشۇ مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

*تەنتەربىيە نەتىجىڭىز قانداقراق؟ ھەقىقىي نەتىجىڭىزنى بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭ*

100 مېتىرغا يۈگۈرۈش ــــ سېكۇنت

قورساق قاتلاش 30 سېكۇنتتا ــ قېتىم



ئارغامچا سەكرەش 30 سېكۇنتتا ــ قېتىم

تەپكۈچ تېپىش بىر مىنۇتتا ــــ قېتىم

### مەكتەپتە

مەكتەپتە بىز پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ياخشى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، ساۋاقداشلار بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىمىز.





ئوقۇغۇچىلار رەختتە سىزما ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى




ھەر دۈشەنبە كۈنى سەھەردە، مەكتەپتىكى پۈتكۈل ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە گىمناستىكا مەيدانىدا دۆلەت بايرىقى ۋە مەكتەپ بايرىقى چىقىرىمىز.



ئوقۇغۇچىلار گېزىتى ئىستونى

مەكتەپتە كىچىك، ئوتتۇرا، چوڭ ئەترەتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەشكىلىي شەكىل بولىدۇ. پىئونېرلار بۇ ئەترەتكە قاتناشقاندىن كېيىن گالستۇك تاقايدۇ.

### پىئونېرلار ئەترىتى

پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ تولۇق نامى جوڭگو ياش - ئۆسمۈرلەر ئاۋانگارت ئەترىتى بولۇپ، ئومۇمەن 6 ـ 14 ياشقىچە بولغان ياش ئۆسمۈرلەر پىئونېرلار ئەترىتىگە كىرىشنى خالىسا، پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشنى خالىسا ئۆزى تۇرۇشلۇق مەكتەپنىڭ پىئونېرلار تەشكىلاتىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن، پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولالايدۇ.





## مۇھىت

بىز يەر شارىدا ياشايمىز، ئەتراپىمىزدىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، ئاتموسفېرا، دېڭىز - ئوكيان، يەر - زېمىن، كان بايلىقلىرى، ئوتلاق، شەھەر ۋە يېزا، شۇنىڭدەك ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىز ياشاۋاتقان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەشكىل قىلغان.

ئاتموسفېرا يەر شارىنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇ ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەرخىل نۇرلارنىڭ جانلىقلارغا بولغان زىيىنىنى ئازايتىدۇ. شۇنىڭدەك جانلىقلار پائالىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسلىرىنىڭ بىرى.

زېمىن — ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار ياشايدىغان ئىللىق ماكان.



بەزىلەر، يەر پوستىدا كۆچلۈك ھەرىكەت يۈز بېرىپ يانار تاغ ۋە يەر تەۋرەش دائىم كۆرۈلۈپ، يەر شارى مۇھىتىنىڭ دەھشەتلىك ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن دىنوزاۋر يېگى مۇھىتقا ماسلىشالماي پۈتۈنلەي نەسلى قۇرۇپ كەتكەن، دەپ قاراۋاتىدۇ.

## مۇھىت ۋە ھاياتلىق

ئىنسانلار ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن بىرلىكتە يەر شارىدا ياشايدۇ. چۈنكى يەرشارىدا قۇياش نۇرى، ئاتموسفېرا، سۇ شۇنىڭدەك مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ۋە ئوزۇقلۇق بار. بۇ ياشاش شارائىتىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلسە، ئىنسانلار ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياشىشى ۋە ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## تەبىئىي مۇھىت

نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان، يەر شارىدا تۇرغۇن ماددىلار تەبىئىيلا شەكىللەنگەن، مەسىلەن: تاغ جىنسلىرى، تۇپراق، ئاتموسفېرا، سۇ، قۇياش نۇرى ۋە ھەرخىل جانلىقلار. بۇلار بىز ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتنى تەشكىل قىلغان.

## ئىجتىمائىي مۇھىت

شەھەر ۋە يېزا ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. تيەنئەنمېن مەيدانى، ئېھرام، ئېففېل تۆمۈر مۇنارى قاتارلىقلار ئىنسانلار بەرپا قىلغان ئىجتىمائىي ئىزنالاردۇر. ئىنسانلار يەنە دۆلەت، مىللەت، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتۇر.



دىنوزاۋر بۇندىن تەخمىنەن ئىككى يۈز مىليون يىللاردىن 65 مىليون يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان، ئۇ ۋاقىتتىكى يەر شارى ئۇلارنىڭ ياشىشىغا ئىنتايىن مۇۋاپىق كەلگەن.





يەر شارىدىكى سۇ بايلىقى دېڭىز-ئوكيان، كۆل، دەريا، مۇزلۇق ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇ ھەرخىل جانلىقلارنىڭ ياشىشىدىكى زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى.






بۇ مەنزىرە ئىچىدىكى قايسىلىرىنىڭ تەبىئىي ئىزنالارغا كىرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

شەھەر ۋە يېزىلار ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي.



يەر پوستىدىكى تاغ جىنسلىرى تەركىبىدە مول قېزىلما بايلىقلار ساقلانماقتا.

# ئېكولوگىيىلىك سىستېما

ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلار تۇركۇمى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئورتاق ياشاش مۇھىتى بىرلىكتە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى تەشكىل قىلغان. بىر كۆلچەك، بىر دېڭىز، بىر پارچە ئورمان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا كىچىك ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى تەشكىل قىلغان، پۈتكۈل يەر شارى غايەت زور بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدۇر.




### ئوزۇقلۇق زەنجىرى

بىر قىسىم ھايۋانلار ئۆسۈملۈكنى يەيدۇ، بىر قىسىم چوڭ گۆشخور ھايۋانلار كىچىك ھايۋانلارنى يەيدۇ، بۇ خىل يېيىش-يېيىلىش مۇناسىۋىتى ئوزۇقلۇق زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوزۇقلۇق زەنجىرىدىكى ھەرخىل ھايۋانلار بىر-بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى تىزگىنلەيدۇ، خۇددى كىرىشتۈرۈلگەن ھالقىغا ئوخشايدۇ.




### ئوزۇقلۇق تورى

ھەربىر ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدا بىر خىل ھايۋان كۆپ خىل يېمەكلىك يەيدۇ، شۇنىڭدەك بىر خىل يېمەكلىك كۆپ خىل ھايۋاننى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەرخىل ئوزۇقلۇق زەنجىرى ئۆزئارا كىرىشىپ، مۇرەككەپ ئوزۇقلۇق تورىنى شەكىللەندۈرگەن.

*بۇ ئوتلاقتا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە، سىز بۇ تۆت پارچە رەسىمنى ئېلگىرى كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىقىڭ*

A ئاچ بۆرە قوي پادىسىغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلدى.

B ئوتلاق بىخەتەر بولدى.

C بۆرە قويۇق ئورمانلىققا يوشۇرۇندى.

D كۆشەندە — بۆرە بولمىغاچقا، ياۋا توشقانلار تېزدىن كۆپىيىپ، ئوت-چۆپلەر ئازىيىپ كەتتى.




جاۋاب: DBCA

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىنسانلارنىڭ ئورمانلارنى كېسىشى هايۋانلارنىڭ تۇرالغۇ جايىنى بۇزۇپ، شىمپانزا قاتارلىق ئەتىۋارلىق هايۋانلار يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى.

## ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق

ئۆسۈملۈك ئىشلەپچىقارغۇچى، ئۇ قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە ئاتموسفېراغا تايىنىپ، تۇپراقتىن ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. هاشاراتلار ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ، قۇشلار هاشاراتلەرنى يەيدۇ، گۆشخور هايۋاناتلار ئوتخور هايۋاناتلارنى يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستېمالچى دېيىلىدۇ. مىكرو ئورگانىزملار هايۋانلارنىڭ جەسەتلىرى ۋە چىرىندىلىرىنى شۇنىڭدەك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇغان شاخ-يوپۇرماقلىرىنى پارچىلىغاندىن كېيىن، ئۆسۈملۈكلەر ئۇنىڭدىن قايتا پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر ئايلىنىش باشلىنىدۇ. بۇ خىل ئايلىنىش توختاۋسىز داۋاملىشىپ پۈتكۈل ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى مۇقىم ۋە تەڭپۇڭ هالەتتە ساقلايدۇ.

## جانلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشى

ئۆسۈملۈك ياكى هايۋانلار ئەسلىدە ياشىغان ئورنىدىن، يېڭى بىر مۇھىتقا كۆچۈرۈپ بېرىلىپ، شۇ جايدا كۆپىيىپ تەرەققىي قىلسا، شۇ جايدىكى ئۆسۈملۈك ۋە هايۋانلارنىڭ هاياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ، بۇ جانلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشى دېيىلىدۇ.

سۇ قاپىقى 100 يىللار ئىلگىرى جۇڭگوغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولۇپ، چارۋا مال يەم-خەشەكى قىلىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە تېرىلغان.





سۇ قاپىقىنىڭ جۇڭگودا كۆشەندىسى بولمىغاچقا، ئۇ سۇدا كۆپلەپ كۆپىيىپ، ئاپەت پەيدا قىلدى. دەريا يولىنى توسۇۋالدى. باشقا جانلىقلارنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزدى.

جانلىقلار دۇنياسىدا هەرقانداق بىر تۈرنىڭ تايىنىپ ياشايدىغان ئوزۇقلۇقى بولىدۇ، شۇنىڭدەك كونترول قىلىپ تۇرىدىغان كۆشەندىسى بولىدۇ. مەلۇم بىر تۈرنىڭ يوقىلىشى باشقا جانلىقلار ۋە مۇھىتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.



بۈركۈت تىيىن ۋە كىچىك قۇشلارنى يەيدۇ.



كىچىك قۇشلار ياچۇۋەكنى يەيدۇ.



ياچۇۋەك چېكەتكىنى يەيدۇ.



چېكەتكە دەرەخ يوپۇرمىقىنى يەيدۇ.



سازاڭ هايۋاناتلارنىڭ جەسىتى ۋە شاخ-يوپۇرماقلارنىڭ چىرىشىدىن شەكىللەنگەن چىرىندى تۇپراقنى يەيدۇ، ئۇنىڭ مايىقى تۇپراقنى ئوغۇتلايدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق.

زەمبۇرۇغلار پارازىت ۋە چىرىتىش شەكلىدە ياشايدۇ، پارازىت ئۇبيېكتىنى پارچىلاش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك.



## مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ماددىي بويۇملار بارغانسېرى كۆپەيگەندە، تەبىئىي مۇھىت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. نۇرغۇنلىغان كېرەكلىك بايلىقلار ياكى زەھەرلىك ماددىلار خالىغانچە تاشلىنىپ، ئىنسانلار ۋە ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيان يەتكۈزۈپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.



ماي پاراخوتلىرىدىن ئېقىپ چىققان ماي دېڭىز ـ ئوكيانىنى بۇلغاپ، نۇرغۇنلىغان دېڭىز ـ ئوكيان جانلىقلىرى ئۆلۈش گىردابىغا يېقىنلاشتى. دېڭىز سۈيى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئاندىن ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ كېلەلەيدۇ.

### مۇھىتنىڭ ئۆزىنى تازىلىشى

تەبىئەت دۇنياسى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە. يېنىك بۇلغانغاندا بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئەسلىگە كېلىدۇ. لېكىن بۇلغىنىش نىسبەتەن ئېغىر بولغاندا، تەبىئەت ئەسلىدىكى ھالىتىگە ئاسان قايتىپ كېلەلمەيدۇ.

### سۇنىڭ بۇلغىنىشى

يەر شارىدا ئىنسانلار ئىچىشكە بولىدىغان سۇ بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا. چۈنكى بىر تەرەپ قىلىنمىغان نۇرغۇن پاسكىنا سۇلار دەريا، كۆل ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلارغا چىقىرىلىپ، ئەسلىدىكى پاكىز سۇغا زەھەرلىك ماددىلار ئارىلىشىپ كەتمەكتە.



زاۋۇت قويۇپ بەرگەن ئىس - تۈتەك

سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپ ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىدى.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دەل ـ دەرەخلەرنى ... ئويلاپ، ئورمانلارنى كەڭ كۆلەمدە كېسىپ، ئەسلىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزدى.

سانائەت پاسكىنا سۇلىرىنىڭ دەريالارغا چىقىرىلىشى كۆپلىگەن بېلىق ۋە راكلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

*يەر شارى كېسەلگە مۇپتىلا بولسا، سىز دوختۇرغا ياردەملىشىپ يەر شارىغا دىئاگنوز قويۇشۇپ بېرىڭ. يەر شارىنىڭ كېسىلى زادى نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن؟*

كېسەللىك سەۋەبى:

A. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى

B. پارنىك ئېففېكتى

C. سۇ بايلىقىنىڭ قىسلىقى ۋە قۇملىشىش



## شاۋقۇندىن بۇلغىنىش

كىشىلەرنىڭ ئۇخلىشى، خىزمەت ۋە ئارام ئېلىشىغا كاشىلا قىلىدىغان، ئېھتىياجلىق بولمىغان ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ شاۋقۇن دېيىلىدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكى شاۋقۇن بىلەن بۇلغىنىش كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا ئۇچۇر ئالاقىگە كاشىلا قىلىدۇ.

## ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى

كۆمۈر ۋە نېفىت ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدىكى زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ بىرى. بىراق كۆيگەندىن كېيىن ئاتموسفېراغا چىقىرىلىدىغان ئىس-تۈتەك ئىچىدە نۇرغۇنلىغان زىيانلىق ماددىلار بار. ئۇ ئىنسانلار، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى كىسلاتالىق يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشى، يەر شارى كلىماتىنىڭ ئىللىپ كېتىشى ۋە ئوزون قەۋىتىنىڭ نېپىزلاپ كېتىشى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.




## ئەخلەت «پارتلىدى»

دۇنيادا ھەر كۈنى زور مىقداردا ئەخلەت پەيدا بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر ئەخلەت دۆۋىسىگە قاپسىلىپ قالماقتا. ھەرخىل ئەخلەتلەر نۇرغۇنلىغان زەھەرلىك ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە زور بوشلۇقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ماددا ئايلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئىنسانلار ياشاۋاتقان مۇھىتقىمۇ ئېغىر زىيان يەتكۈزمەكتە.




## سۇ بايلىقىنى قوغداش

يەر شارىدا سۇ زېمىننى نەمدەپ، بارلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى باقىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى سۇدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ، شۇڭا بىز قىممەتلىك بايلىقنى قەدىرلىشىمىز، سۇ بايلىقىنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.



جاۋاب: DC

تازىلاش زاۋۇتىغا كىرگەن دەريا، كۆل ۋە سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۈيى تىندۇرۇش، سۈزۈش ۋە زەھەرسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق شەھەردىكى زاۋۇت ۋە تۇرمۇشقا يەتكۈزۈلىدۇ.

*تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسى سۇ بايلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق؟*







## پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش

پاسكىنا سۇنى دېڭىز، ئوكيان ۋە دەريالارغا چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىغا كىرگۈزۈپ، ئۇ جايدىكى ھەرخىل مېخانىكىلىق ئەسۋاب ئارقىلىق پاسكىنا سۇنىڭ تەركىبىدىكى زىيانلىق ماددىلارنى پارچىلاپ ياكى زىيانسىز ماددىغا ئايلاندۇرۇپ كېرەكسىز سۇ تازىلىنىدۇ.

سۇنىڭ تەركىبىدىكى زىيانلىق ماددىلارنى چەزمەن كىشىلەرگە زىيان قىلمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ ئاندىن دەريا- كۆلگە قويۇپ بېرىش كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئىنتايىن زور، ھەربىر ئادەم ھەر كۈنى تۇرمۇشتا نەچچە ئون لىتىردىن نەچچە يۈز لىتىرغىچە سۇغا ئېھتىياجلىق؛ بىر توننا قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 2-3 يۈز توننا سۇ كېتىدۇ.

تاتلىق سۇ 3%نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 1% تاتلىق سۇ ئىنسانلارنى تەمىنلەيدۇ.




يەرشارىدىكى سۇ

## سۇ كرىزىسى

سۇنى خالىغان جايدا ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، لېكىن دېڭىز سۈيى بىلەن تۇزلۇق كۆلنىڭ سۈيى تۇزلۇق سۇ بولۇپ، بىۋاستە ئىچكىلى ياكى سۇغۇرۇشقا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بىۋاستە پايدىلىنالايدىغىنىمىز پەقەتلا تاتلىق سۇ، بىراق كۆپلىگەن سانائەت ۋە تۇرمۇش پاسكىنا سۇلىرىنى كىشىلەر دەريا ۋە كۆللەرگە قويۇپ بېرىپ، چەكلىك تاتلىق سۇ بايلىقى ئېغىر بۇلغانماقتا.




## سۇدىن كۆپ خىل پايدىلىنىش

ئەگەر بىز ھەر كۈنى يۇيۇنغاندا ۋە كۆكتات يۇغاندا سۇنى يىغىپ ئاددىي بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ھاجەتخانا يۇيۇشقا، پول يۇيۇشقا ياكى ماشىنا يۇيۇشقا ئىشلەتسەك، بۇ خىل تەكرار ئىشلىتىش ئارقىلىق سۇنى تېجەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ




## ھاۋانى تازىلاش

ئىنسانلار ھاۋا تەركىبىدىكى ئوكسىگېنغا تايىنىپ ياشايدۇ. ئەگەر ھاۋادىن نەچچە مىنۇت ئايرىلسا ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ساپ ھاۋا سالامەتلىكنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

كۆمۈر ۋە نېفىت قاتارلىق يېقىلغۇلار كۆيگەندىن كېيىن كاربون (IV) ئوكسىد پەيدا قىلىدۇ.

ئارتۇقچە كاربون (IV) ئوكسىد خۇددى ئەينەككە ئوخشاش، يەر ئىسسىقلىقىنىڭ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا تارقىلىشىنى توسۇپ، ئىسسىقلىقنى يەر يۈزىدە تۇتۇپ قېلىپ، «پارنىك ئېففېكتى»نى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۇسسۇرلەر سىزمىسى — تېزدىن زەھەردىن مۇداپىئەلىنىش قالپىقى تاقاڭلار!



بۇلغانغان ھاۋا ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولغاندا ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ئىسسىپ كېتىۋاتقان يەر شارى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەر شارى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ، ئىككى قۇتۇپتىكى مۇزلۇقلار ئېرىپ، دېڭىز يۈزىنى ئوتتۇرىچە 30cm ئەتراپىدا ئۆرلەپ، نۇرغۇنلىغان ئاراللارنى سۇ بېسىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتموسفېرادىكى كاربون (IV) ئوكسىدنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى، ئورمانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

### كېرەكسىز گاز كىسلاتالىق يامغۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ

شەھەر نوپۇسى زىچ رايون بولۇپ، ئاتموسفېراغا كۆپ مىقداردا كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ كېرەكسىز گازلار ئاتموسفېرادا ھەممىلا جايغا يامراپ، كىسلاتالىق يامغۇرنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇھىتنى زور دەرىجىدە بۇلغايدۇ ۋە بۇزىدۇ.



## ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئاتموسفېرانىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، يەرشارىدىكى جانلىقلارنىڭ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئاتموسفېراغا كېرەكسىز ماددىلارنى قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش ۋە توسۇش، بۇلغىمايدىغان ئېنېرگىيىدىن كۆپلەپ پايدىلىنىش كېرەك.



سۈنئىي ھەمراھقا قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسى [illegible]، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەندى.

قۇياش ئېنېرگىيىسى پاكىز ئېنېرگىيە دېيىلىدۇ.



قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سۇ ئىسسىتقىلى، كۆمۈر ۋە تەبىئىي تەبىئىي گاز قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى تېجىگىلى بولىدۇ ھەم ئاتموسفېراغا ئىس-تۈتەكمۇ قويۇپ بېرىلمەيدۇ.



ئاپتوموبىللارنىڭ گاز چىقىرىش كىلاپانىغا كېرەكسىز گازلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئەسۋابىنى ئورنىتىپ كېرەكسىز گازلارنى تازىلاش كېرەك.

## ھاۋانىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەش

ھاۋا سۈپىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، مۇھىت تەكشۈرۈش خادىملىرى ھاۋانىڭ سۈپىتىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ھەمدە كىشىلەرگە ئالدىن مەلۇم قىلىشى كېرەك. ھاۋا سۈپىتى ئەلا (1-، 2-دەرىجە) بولغاندا، كىشىلەرنىڭ سىرتتا پائالىيەت قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.



شەھەر ھاۋاسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئىمكانقەدەر ۋېلسىپىت مىنىش، پىيادە مېڭىش ياكى ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇش كېرەك.

### ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى دېگەن نېمە؟

ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى دېگىنىمىز ھاۋانىڭ سۈپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىدىغان بىر خىل كۆرسەتكۈچتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىز نۆۋەتتە گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىد، ئازوتنىڭ ئوكسىگېنلىق بىرىكمىلىرى ۋە ئومۇمىي لەيلىمە ماددىلار قاتارلىق بۇلغىغۇچى ماددىلارنى ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى قاتارىغا كىرگۈزدى.



# ئەخلەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش

كىشىلەر ئىشلەتمەي تاشلىۋەتىدىغان نەرسىلەر ئەخلەت دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئەخلەتلەر كەڭ دائىرىدە دۆۋىلەنسە مۇھىتنى بۇلغايدۇ. ئەمەلىيەتتە كېرەكسىز نەرسىلەر ئەمەس، ئەخلەتنىڭ تەركىبىدىكى كۆپلىگەن نەرسىلەردىن قايتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ، ئەخلەت تاشلىۋېتىلىدىغان بايلىقتۇر.



## ئەخلەتنى تۈرلەرگە ئايرىش

تۈرمۇش ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىشقا بولىدىغان ئەخلەت، ئاشخانا ئەخلەتلىرى، زىيانلىق ئەخلەت ۋە باشقا ئەخلەتلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەخلەتلەر تۈرلىرى بويىچە ئوخشىمىغان ئەخلەت تۇڭلىرىغا تاشلانسا تازىلىق خادىملىرىنىڭ كېرەكسىز ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا قولايلىق بولىدۇ. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئازىيىدۇ.

خىش، چاقچۇق، فارفور، داشقال، تازىلىق ئۆيىدىكى كېرەكسىز قەغەز قاتارلىقلار يىغىۋېلىشقا بولمايدىغان كېرەكسىز ماددىلارغا كىرىدۇ. ئۇلارنى ئەخلەت ئازگىلىغا كۆمۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيى، يەر ئۈستى سۈيى، تۇپراق ۋە هاۋانىڭ بۇلغىنىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

بىز خالىغانچە تاشلىۋەتكەن نەرسىلەر قانداق «ساياهەت» قىلىدىكەن؟ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىپ باقايلى!



ئەخلەت شەكىللەندى.



تازىلىق ئىشچىلىرى ئەخلەتنى ئەخلەت ماشىنىسىغا قاچىلىدى.



ئەخلەت مەيدانىغا يۆتكەپ باردى.







ئاشخانا ئەخلەتلىرى ئېشىپ قالغان سەي، ئېشىندى تاماق، سۆڭەك ۋە سەي-كۆكتاتلارنىڭ قالدۇقلىرى قاتارلىق يېمەكلىك تىپىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن ئوغۇت ياساشقا بولىدۇ.




ئوغۇت



ئەخلەت ئازگىلىغا ئىتتىرىلدى.



توپا ئاستىغا ئەخلەت قاتمۇ قات كۆمۈلىدۇ.

جاۋاب: 1.DA 2.C 3.B








زىيانلىق ئەخلەتلەر كېرەكسىز باتارېيە ، كېرەكسىز ئېلېكتر لامپىسى، كېرەكسىز سىمابلىق تېرمومېتىر، ۋاقتى ئۆتكەن دورا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەخلەتلەرنى ئالاھىدە بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئەخلەتلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىشى

مۇھىتقا تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلەر ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىدۇ. بىراق نۇرغۇنلىغان ئەخلەتلەر ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ بولماي تۇرۇپلا كىشىلەر يەنە يېڭى ئەخلەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر شارىدىكى ئەخلەتلەر بارغانسېرى كۆپىيىمەكتە.

بىر قىسىم ئەخلەتلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىش ۋاقتى
ئاپتوبۇس بېلىتى: ئۈچ ئايدىن تۆت ئايغىچە؛
بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان چوكا: ئالتە ئاي؛
تۆمۈر كونسېرۋا قۇتىسى: 10 يىل؛
تېز تاماق قاچىسى ۋە سۇلياۋ خالتىلار: 200يىلدىن 400 يىلغىچە؛
ئەينەك بوتۇلكا: 4000 يىل.







## يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش

كېرەكسىز قەغەز، مېتال، سۇلياۋ، ئەينەك قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىشقا بولىدىغان ئەخلەتكە كىرىدۇ. ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا پايدىلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئازايتقىلى، بايلىقلارنى تېجىگىلى بولىدۇ. ئەگەر بىر توننا كېرەكسىز قەغەز يىغىۋېلىنسا 850 كىلوگرام قەغەز ئىشلەپچىقارغىلى، 300 كىلوگرام ياغاچنى تېجىگىلى، ئوخشاش شارائىت ئاستىدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى %74 ئازايتقىلى؛ بىر توننا سۇلياۋ ئىچىملىك قۇتىسى يىغىۋېلىنسا 700 كىلوگرام ئىككىلەمچى خام ئەشياغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## شاۋقۇندىن بۇلغىنىشنى كونترول قىلىش

ئەتراپىمىزدا ھەر دائىم ھەرخىل شاۋقۇن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ،بۇ قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك شاۋقۇن خۇددى قۇلاق پەردىمىزگە بولقا بىلەن ئۇرغاندەك بىزار قىلىپ، نورمال ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىمىزغا كاشىلا قىلىدۇ. شاۋقۇن بىزگە كېرەكسىز بولغان ئاۋازلاردۇر.



قۇرۇلۇش ئورنىدىكى توختاۋسىز چىقىۋاتقان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن زىيانلىق.

### شاۋقۇننىڭ زىيىنى

شاۋقۇن كىشىلەرنىڭ ئارام ئېلىشى، ئۆگىنىشى ۋە خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، سالامەتلىكىگە زىيان سېلىپلا قالماي، يەنە ئۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شاۋقۇن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىسىز.







جاۋاب: FEDBA




سىزچە ئۇلاردىن قايسىلىرى
شاۋقۇن پەيدا قىلىدۇ؟



## شاۋقۇننىڭ كېلىش مەنبەسى

ئەتراپىمىزدا شاۋقۇننىڭ كېلىش مەنبەسى ئىنتايىن كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرىتىدىغىنىمىز ئاممىۋى سورۇنلاردىن كېلىپ چىققان شاۋقۇنلار. بولۇپمۇ زاۋۇت ۋە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىن چىققان شاۋقۇن ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، زىيىنى ئىنتايىن چوڭ.

تاشيوللاردا قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللار كېچە - كۈندۈز توختاۋسىز شاۋقۇن چىقىرىپ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاۋاز ئۆتكۈزمەس تام شاۋقۇننى توساپ، شاۋقۇندىن بۇلغىنىشنى ئازايتىدۇ.

ئاۋاز ئۆتكۈزمەس تام



شاۋقۇن 140 دېتسىبىلدىن يۇقىرى بولغان مۇھىتتا، كىشىلەرنىڭ نەپەسلىنىشى، تومۇر سوقۇشى ۋە قان بېسىمى قاتارلىقلاردا داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

شاۋقۇننىڭ دېتسىبىل بويىچە ئىپادىلىنىش سىخېمىسى:




شاۋقۇن 90 دېتسىبىلدىن يۇقىرى بولغان مۇھىتتا سەككىز سائەتتىن ئارتۇق خىزمەت قىلسا قۇلاق غوڭۇلداش، كۆڭۈل ئاينىش ۋە قۇسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

شاۋقۇن 60 دېتسىبىلدىن تۆۋەن مۇھىت تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشكە بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئاۋازنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك — دېتسىبىل دېيىلىدۇ.

## شاۋقۇننى كونترول قىلىش

شاۋقۇندىن بۇلغىنىش سۇ بۇلغىنىشى ۋە ئاتموسفېرا بۇلغىنىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ناۋادا شاۋقۇن مەنبەسى شاۋقۇن چىقىرىشتىن توختىسا شاۋقۇن يوقىلىدۇ. بەزى ساقلانغىلى بولمايدىغان شاۋقۇندىن ئاۋاز ئۆتكۈزمەس تام ۋە ئاۋاز ئۆتكۈزمەس تاختاي قاتارلىق شاۋقۇن توساش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، شاۋقۇندىن خالىي بولغىلى بولىدۇ ۋە شاۋقۇننى ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدۇ.





## يەر شارىنى قوغداش

ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارى بار. يەر شارىدىكى ھەرخىل جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ چوڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەزاسى. تەبىئەتنى سۆيۈش، مۇھىتنى قوغداش ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى. مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىنسانلارنىڭ خاتالىقىدۇر. نۆۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇلارنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.



### ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى

ياۋايى ھايۋانلارنى بولۇپمۇ قىممەتلىك ۋە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن دۆلەتلەر ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى تۈزۈپ چىقتى. مەملىكىتىمىز 1988-يىلى «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پرىنسىپنى بېكىتىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قانۇني مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى.



ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈشى ۋە مۇھىتنى بۇزۇشى بۆكەننىڭ تۈرى ۋە سانىنى ئۈزلۈكسىز ئازايتىپ، ئۇنى يوقىلىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى.

### تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار

تەبىئي بايلىقلارنى قوغداش بولۇپمۇ قىممەتلىك، ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقىنى قوغداش، ئوخشىمىغان تەبىئي بەلۋاغلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەبىئي مۇھىت ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى قوغداش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بەلگىلىك دائىرىنى ئايرىپ چىقىپ، مەخسۇس قوغداشنى بېكىتتى. بۇنداق رايونلار تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار دېيىلىدۇ.



چوڭ مۈشۈكئېيىقنىڭ يۇرتى —— ۋولۇڭ تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايونى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مىنجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ۋېنچۈەن ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوڭ مۈشۈكئېيىق ۋە كۆك يۈزلۈك مايمۇن قاتارلىقلار قوغدىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جۇڭگو مۇھىت قوغداش ئىزنىكى
جۇڭگو مۇھىت قوغدىشىنىڭ
بەلگىسىدۇر




ئىزنەكتىكى «BHZ» دىن ئىبارەت
ئۈچ ھەرپنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟



كۆچەت تىكىپ ئورمان
بەرپا قىلىپ، يۇرتىمىزنى
كۆكەرتىش ھەربىرىمىزنىڭ
مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى.

## كۆچەت تىكىش بايرىمى

ئورمان ــ ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تەرەققىياتى قوياشتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداقلا ئورمان ۋە دەل-دەرەختىن ئايرىلالمايدۇ. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر قانۇن تۇرغۇزۇش شەكلىدە كۆچەت تىكىش بايرىمىنى بېكىتىپ كىشىلەرگە يەر شارىنى يېشىللىقا پۈركەش ئۈچۈن بىر تۈپ كۆچەت تىكىشكە چاقىرىق قىلدى. 3-ئاينىڭ 12-كۈنى مەملىكىتىمىزنىڭ «كۆچەت تىكىش بايرىمى»، بۇ كۈندە بىر تۈپ كۆچەت تىكىشنى ئۇنتۇماڭ



بالىلار سىزمىسى ــ مۇھىتنى
قوغداش، يېشىللاشتۇرۇش
ساياھىتى

ھەر يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، مۇھىتنى قوغداش ۋە ئىنسانلار مۇھىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

## دۇنيا مۇھىت كۈنى

1972-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ستوكھولۇمدا ئىنسانلار مۇھىت يىغىنى چاقىرىپ، «ئىنسانلار مۇھىت خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 27-قېتىملىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلتىيىدا، 6-ئاينىڭ 5-كۈنى «دۇنيا مۇھىت كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى مۇھىتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىتقا بولغان زىيىنىغا دىققەت قىلىشقا ئەسكەرتتى.

# 民文版《上学就看》编辑委员会

**总顾问**

徐惟诚

**编委会主任**

禹宾熙（朝鲜族） 龚 莉（汉族）

**编委会副主任**

甘玉贵（蒙古族） 刘晓东（汉族） 阿去克（维吾尔族）
艾尔肯（维吾尔族） 程力华（汉族）

**编 委**
(以姓氏笔画为序)

万 喜（蒙古族） 木 耐（哈萨克族） 才让加（藏族）
牙库甫（维吾尔族） 甘玉贵（蒙古族） 艾尔肯（维吾尔族）
刘晓东（汉族） 刘金双（汉族） 朴文峰（朝鲜族）
全永范（朝鲜族） 阿去克（维吾尔族） 李有明（回族）
张运珍（藏族） 阿里木江（哈萨克族） 阿合买提江（维吾尔族）
阿依肯（哈萨克族） 禹宾熙（朝鲜族） 龚 莉（汉族）
程力华（汉族） 曾小吾（满族） 普日科（藏族）
塔 并（蒙古族）


















## مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھاسى

بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان، بالىلار ئۈچۈن پايدىلىق، قىزىقارلىق كىتابلاردۇر. بالىلار بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ چىقسا، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاكتىپلىق بىلەن سوئال سورىيالايدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا دادىللىق بىلەن جاۋاب بېرەلەيدۇ. بۇ كىتابلار بالىلار بىلەن ئاتا-ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

**—— جۇڭگو ئائىلە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يۈ شىنيەن**

بۇ كىتابلار تۆۋەن يىللىقلاردا ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا باب كېلىدۇ. بالىلارنى نۇرغۇن بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. بالىلارغا بىلىم ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. بۇ كىتابلار ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى. بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمىغاندا، بالىلار بىلەن بىرلىكتە بۇ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلغاندا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەبىئىي ھالدىلا ئايدىڭلاشتۇرىۋالغىلى بولىدۇ.

**—— «سىرداش ھەدە» لۇ چىن**

ISBN 978-7-105-09561-2
9 787105 095612 >
全套定价：120.00元
本册定价：18.00元

www.uyghurkitap.com